ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئەدەبىيات دەرسلىك

# ئەدەبىيات

2- قىسىم

(بىر مەۋسۇملۇق ئوقۇشلۇق)

ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئەدەبىيات دەرسلىك

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

# ئەدەبىيات

## 2- قىسىم

(بىر مەۋسۇملۇق ئوقۇشلۇق)

ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........................ 1
ئىبراھىمنىڭ بىئاراملىقى ........................ 3
ئاللاھ قەيەردە؟ ........................ 6
ئىككى دوست ........................ 9
ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان ........................ 13
ئاساسىي مەشىق ........................ 16
بۈتۈنى كىم چاقتى؟ ........................ 17
مېنىڭ بېغىم ........................ 19
ئۆگىنىمەن تىرىشىپ ........................ 21
مەندەك بولماڭلار! ........................ 23
ئاساسىي مەشىق ........................ 26
يۈز نومۇر ئالغاندا ........................ 29
بەسلىشەيلى بىز ........................ 33
شەرقىي تۈركىستان ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز ........................ 35
ئاساسىي مەشىق ........................ 39
گۈزەللىك ھەققىدە ........................ 41
مەن مەكتەپكە بارغاندا... ........................ 43
گۈزەل ئۆرنەك ........................ 46
زەيدىن يۇسۇپ ........................ 49
ئاساسىي مەشىق ........................ 53
بىر تۈپ دەرەخ ........................ 57
پۇشايمان ........................ 60
قۇشلار ........................ 62

قار ياغدى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 64
ئاساسىي مەشىق . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 66
باھار كەلدى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 69
باھار كەلدى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 72
ئەھمىيەتلىك دەم ئېلىش كۈنى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 74
ھۆججەت . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 79
ئاساسىي مەشىق . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 81
ئۈرۈۋە ئىبنى زۇبەير . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 83
ئاياغ . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 88
ئۇممەت ئىزباسارى بىز . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 90
ئاساسىي مەشىق . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 92
سۆزلۈكلەر باغچىسى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 95

# كىرىش سۆز

پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى، ھېچبىر شېرىكى يوق يېگانە رەببىمىزگە چەكسىز ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن! ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن يولباشچىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇت ۋە سالاملار بولسۇن!

كەلگۈسىنىڭ ئۈمىد چىراغلىرى، تەۋھىد ئامانىتىنىڭ قوغدىغۇچىلىرى، ئەجدادلار ئۈمىدى ۋە ئاتا ـ ئانا ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ روياپچىسى بولغان ئەنە شۇ بىغۇبار پەرزەنتلىرىمىز ئاللاھنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان كاتتا نېئمىتىدۇر. ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مۇشۇ نېئمەتنى قەدىرلەش، ئۇنىڭ ئۈستىمىزدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىش، ئۇنىڭغا ھەق بىلەن ناھەقنى ئېنىق بىلدۈرۈپ، ئىككى دۇنيالىق بەخت ـ سائادەت يولىغا يېتەكلەش بولسا ھەربىرىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىزدۇر.

ئېنىقكى، ئەدەبىياتنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدىكى رولى ۋە پەرزەنتلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ھەرگىزمۇ سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. مانا مۇشۇ نۇقتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يېتىپ، بۇ جەھەتتىكى بىلىمىمىز ۋە تەجرىبىمىزنىڭ يېتەرسىز بولۇشىغا قارىماي، ئەمگىكىمىزگە ئاللاھتىن ياردەم ۋە ئەجىر تىلەپ بۇ خىزمەتكە تۇتۇش قىلغان ۋە ئەدەبىيات دەرسلىكىمىزنىڭ بىرىنچى قىسمىنى تۈزۈپ نەشىردىن چىقارغان ئىدۇق.

بىرىنچى قىسمى تارقىتىلغاندىن كېيىن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ياخشى باھاسىغا، قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئورۇنلۇق تەكلىپ ـ پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ساقلانغان يېتەرسىزلىكلىرىمىز ۋە سەل قاراپ قالغان تەرەپلىرىمىزنى كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە تولۇقلاپ، قولىڭىزدىكى مەزكۇر ئىككىنچى قىسمىنى تۈزۈپ تارقاتتۇق.

بىزنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگەن، تەكلىپ ـ پىكىرلىرىنى ئايىمىغان، يېتەرسىزلىكلىرىمىزنى سەممىيلىك بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەن بارچە قېرىنداشلىرىمىزغا ئاللاھتىن كاتتا ئەجىر ۋە رەھمەت تىلەش بىلەن بىرگە، قېرىنداشلىرىمىزنىڭ داۋاملىق تۈردە يېقىندىن ياردەمدە بولۇشىنى ۋە سەممىي تەكلىپ ـ پىكىرلىرىنى ئايىماسلىقىنى چىن كۆڭلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز.

ئاخىرىدا، ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلغان بۇ كىچىككىنە ئەمىلىمىزنى ئاللاھنىڭ قوبۇل قىلىشىنى ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشىنى تىلەيمىز.

— تۈزگۈچىدىن



# ئىبراھىمنىڭ بىئاراملىقى

دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىنىشى بىلەنلا، ساۋاقداشلار سىنىپتىن قىستىلىشىپ چىقىشقا باشلىدى. ئىبراھىم سىنىپتىن چىقىۋاتقاندا سەلىمنىڭ يانچۇقىدىن پۇل چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆردى، ئەمما بۇنى ھېچكىمگە ئېيتمىدى. ھەممەيلەن سىنىپتىن چىقىپ بولغۇچە ساقلاپ تۇردى-دە،



سىنىپتا ھېچكىم قالمىغاندا پۇلنى ئاستاغىنە ئۆزىنىڭ يانچۇقىغا سالدى. لېكىن مۇشۇ چاغدىن باشلاپلا ئۇنىڭ كۆڭلى خۇددى چۈشىنى يەۋالغاندەك بىئارام بولۇشقا باشلىدى.

بىردەمدىن كېيىن قوڭغۇراق چېلىنىپ، ساۋاقداشلار ئارقىمۇئارقا سىنىپقا كىردى. دەرس باشلىنىپ، مۇئەللىم دەرس سۆزلەۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن مۇئەللىم سۆزلىگەن دەرس ئىبراھىمنىڭ قۇلىقىغا پەقەتلا چۈشمەيۋاتاتتى. ئىبراھىمنىڭ ئەس-يادى ھېلىقى پۇلدا قالغان بولۇپ، ئۇ «پۇلنى ئالغانلىقىمنى بىرەرسى كۆرۈپ قالغان بولسا ياكى بىلىپ قالسا قانداق قىلارمەن؟» دەپ ئويلاپ غەمگە چۆكۈپ كېتىۋاتاتتى.

بىر چاغدا مۇئەللىم ئوقۇغان: «(لوقمان ئېيتتى) ئى>

ئوغۇلچىقىم! قىلمىشىڭ قىچا چاغلىق نەرسە بولۇپ، ئۇ ئۇيۇل تاشنىڭ ئىچىدە (يەنى ئەڭ مەخپىي جايدا) يا ئاسمانلارنىڭ قېتىدا ياكى زېمىننىڭ ئاستىدا بولسىمۇ، الله ئۇنى هازىر قىلىدۇ (ئۇنىڭ ھېسابىنى ئالىدۇ). الله ھەقىقەتەن ئىنچىكە كۆزەتكۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر>»[1] دېگەن ئايەتلەر ئىبراھىمنىڭ دىققىتىنى تارتتى ۋە بىئاراملىقتا ئولتۇرالمايلا قالدى.

ئىبراھىم: «مۇشۇ دەرس تېزرەك تۈگىسە، سەلىمنىڭ پۇلىنى قولىغا بېرىۋېتىپ بىر قۇتۇلسام» دەپ ئويلاشقا باشلىدى. ئەمما ئۇنىڭغا ۋاقىت بەك ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. بىئاراملىقتا ئۆتكەن دەقىقىلەردىن كېيىن ئاخىرى دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقىمۇ چېلىندى. ئىبراھىم ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بوش ئاۋازدا: «ئەلھەمدۇلىللاھ، ئاللاھقا چەكسىز شۈكۈرلەر بولسۇن!» دەپ سالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىلىپ سالغان ئىشىدىن ناھايىتى بىئارام بولغان ئىدى.



ئۇ دەرھال سەلىمنىڭ قېشىغا باردى ۋە تىترەڭگۈ ئاۋازدا:

— سەلىم، بۇ پۇلنى ئۆتكەن سائەتتىكى تەنەپپۇستا چۈشۈرۈپ قويغىنىڭدا ئالغان ئىدىم، ئەمما دەرھال ساڭا بېرەلمەي قالدىم، ئەپۇ قىلغىن ئاداش، — دېدى.

سەلىم:

— رەھمەت ساڭا، ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن ئىبراھىم! —، دېدى ۋە ئىنتايىن خۇشاللىق بىلەن پۇلنى يانچۇقىغا سالدى.

ئىبراھىم گويا يەلكىسىدىن بىر تاغنى ئېلىۋەتكەندەك يەڭگىللەپ

---

[1] سۈرە لوقمان 16 ـ ئايەت.

قالغان ئىدى. ئۇ بۇندىن كېيىن ھەرگىزمۇ بۇنداق ئىشنى قايتا قىلماسلىققا ئۆز ـ ئۆزىگە ۋەدە بەردى.

## كۆنۈكمە

1. تېكىستتىن «چۈشەن يەۋالغاندەك، چۆكۈپ كېتىۋاتاتتى، ئولتۇرالماي قالدى، يەلكىسىدىن بىر تاغنى ئېلىۋەتكەندەك» دېگەن سۆز بىرىكمىلىرى بار جۈملىلەرنى تېپىپ ئوقۇڭلار ھەمدە ئۇ سۆزلەرنىڭ جۈملىدە قانداق مەنە ئىپادىلىگەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

2. تېكىست مەزمۇنىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىلەرنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىڭلار. توغرىسىغا «√» بەلگىسى، خاتاسىغا «×» بەلگىسى قويۇڭلار.

1) ئىبراھىم سەلىمنىڭ پۇلىنى يانچۇقىدىن ئوغرىلاپ ئېلىۋالغان. (     )

2) سەلىمنىڭ پۇلى سەۋەبلىك، ئىبراھىمنىڭ كاللىسىغا دەرس پەقەتلا چۈشمىدى. (     )

3) ئىبراھىم سەلىمنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇپ بەرگەندە، سەلىم بەكلا خۇشال بولۇپ كەتتى. (     )

4) ئىبراھىم مۇئەللىمدىن قورقمىغان بولسا، سەلىمنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇپ بەرمىگەن بولاتتى. (     )

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭلار.

ئاستىغىنە، قوشغۇراق، قىرىشقاندەك، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي.

4. تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ تەرجىمىسىنى ئاڭلاپ يېزىڭلار:

سىلەر قەيەردە بولساڭلار، ئاللاھ سىلەر بىلەن بىرگە، ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

5. تېكىستنى راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.



# ئاللاھ قەيەردە؟

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئازادگەردىسى (ئازاد قىلىۋەتكەن قۇلى) مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى بايان قىلغان:

«بىز ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بىلەن بىرلىكتە مەدىنە سىرتىغا چىققان ئىدۇق. چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولغاندا مۇۋاپىق بىر يەرگە داستىخان تەييارلاپ تاماق يېيىشكە تەمشەلگىنىمىزدە، يېنىمىزدىن بىر پادىچىنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئۇنى چاقىرىپ:

— سەنمۇ داستىخانغا كەلگىن! —، دېدى. پادىچى:

— مەن روزىدار، — دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر:

— بۇ كۆيدۈرگۈچى ئىسسىق كۈندە، كۈچلۈك قۇياش نۇرى ئاستىدا قويلارنى ئوتلىتىش ئۈچۈن ئايلىنىپ يۈرۈپ روزا تۇتتۇڭمۇ؟ — دېدى.

— كۈنلىرىمنى بىكارغا ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن ۋاقتتىن مۇشۇ شەكىلدە پايدىلىنىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى پادىچى.



پادىچىغا يۇقىرى باھا بەرگەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئۇنىڭ شۇبھىلىك نەرسىلەرگە قانچىلىك دىققەت قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن پادىچىغا:

ــــ قويلىرىڭدىن بىرىنى بىزگە سېتىپ بېرەمسەن؟ ساڭا پۇلىنى بېرىمىز، قويلارنىڭ گۆشىنى يەيمىز، سەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئىپتار قىلارسەن؟ــــ دېدى. پادىچى:

ــــ بۇ قويلار مېنىڭ ئەمەس، بەلكى خوجايىنىمنىڭ،ــــ دېدى.

ــــ خوجايىنىڭغا قويىنى بۆرە يەپ كەتتى دېسەڭ بولىدىغۇ؟ ــــ دېگەندە، پادىچى بارمىقىنى ئاسمانغا ئىشارە قىلغان ھالدا:

ــــ ئۇنداقتا ئاللاھ قەيەردە قالىدۇ؟ــــ دېگىنىچە يۈرۈپ كەتتى».

ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئازادگەردىسى نافىئى مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئۆمەر ھېلىقى پادىچىنىڭ «ئاللاھ قەيەردە قالىدۇ؟» دېگەن سۆزىنى دائىم تەكرارلايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىبنى ئۆمەر مەدىنىگە قايتىپ كېلىپ قويلارنىڭ ئىگىسىنى تېپىپ پادىچىنى ۋە قويلارنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالدى. ئاندىن پادىچىنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىپ، قويلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلدى.

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى پىششىق ئوقۇپ، تېكىست مەزمۇنىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) پادىچى نېمىشقا داستىخانغا كەلمىدى؟

2) پادىچى نېمە ئۈچۈن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قويىنى سېتىپ بەرمىدى؟

3) پادىچى نېمىشقا بارمىقىنى ئاسمانغا ئىشارە قىلغان ھالدا «ئۇنداقتا ئاللاھ قەيەردە قالىدۇ؟» دەپ جاۋاب بېرىدۇ؟

2. بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار:

1) (                ) بولغانــدا مۇۋاپىــق بىــر يەرگــە (                ) تەييارلــدۇق.

2) يېنىمىزدىن بىر پادىچىنىڭ (                ) كۆردۇق.

3) بــۇ (           ) ئىسســىق كۈنــدە، كۆچلــۈك قۇيــاش نــۇرى ئاســتىدا قويلارنــى ئوتلىتــش ئۈچــۈن (                ) روزا تۇتتۇڭمــۇ؟

3. ئابدۇلــلاھ ئىبنــى ئۆمــەر رەزىيەللاھــۇ ئەنهــۇ «خوجايىنىڭغــا قوينى بــۆرە يــەپ كەتتــى دېســەڭ بولىدىغــۇ؟» دېگەنــدە، پادىچــى نېمــە دەپ جــاۋاب قايتــۇردى؟ ئــۇ جۈملىنىــڭ مەنىســىنى ياخشــى چۈشــىنىۋېلىڭلار.

4. تۆۋەندىكــى ســۆزلەرنىڭ مەنىســىنى چۈشــىنىۋېلىڭلار ۋە ئاســتى ســىزىلغان ســۆزگە ئىككىدىــن جۈملــە تــۈزۈڭلار.

مەدىنــە، داســتىخان، پادىچــى، روزىــدار، شــۈبھىلىك، ئىپتــار، قــول، ھەدىيــە قىلــدى.

5. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئاڭلاپ يېزىڭلار.

كۈنلىرىمىــزنى بىكارغــا ئۆتكۈزىۋەتمەســلىك ئۈچــۈن ۋاقىتتىــن مۇشــۇ شــەكىلدە پايدىلىنىۋاتىمــەن.

ئابدۇلــلاھ ئىبنــى ئۆمــەر ئۇنىــڭ شــۈبھىلىك نەرســىلەرگە قانچىلىك دىققــەت قىلىدىغانلىقىنــى بىلىــپ باقماقچــى بولــدى.

ئۇنداقتا ئاللاھ قەيەردە قالدۇ؟



# ئىككى دوست

ئەھمەد بىلەن مۇزەپپەر،
بەكمۇ يېقىن دوست ئىدى.
بىللە بېرىپ مەكتەپكە،
دائىم بىللە قايتاتتى.

ئەھمەد ياخشى ئوقۇيتتى،
دەرسلەردە ئالدىدا.
لېكىن دوستى قالاتتى،
ھەممىسىنىڭ ئارقىدا.

بەردى بۈگۈن مۇئەللىم،
بىرنەچچە خىل تاپشۇرۇق.
دېدى: «ھەرگىز قويماڭلار،
دەپتەرنى ئاق، قۇپقۇرۇق».

كەچ بولغاندا مۇزەپپەر،
كىردى ئەھمەد ئۆيىگە.
دېدى يېقىن دوستىغا:
«دەپتىرىڭنى بەرگىنە!».

ئەھمەد دېدى: «بولمايدۇ،
ئىشلە ئۆزۈڭ مۇستەقىل.
ياردەم بېرەي مەن ساڭا،
ئۆگەن ئۇنىڭ يولىنى بىل.

كۆچۈرۈشنى ئۆزۈڭگە،
ئادەت قىلما، تاشلىغىن.
تىرىش ئىلىم بېغىدا،
ئۆگىنىشنى باشلىغىن.

ئاللاھ بىزگە بۇيرۇدى،
بىلىم ئېلىش، ئوقۇشنى.
يارامىلىق بوپ ئۈممەتكە،
دىنغا تۆھپە قوشۇشنى».

ئويلاندى ئۇ بىر هازا،
خىجىل بولدى، قىزاردى.
مەھكەم باغلاپ بېلىنى،
تىرىشماققا يول ئالدى.

شۇنىڭ بىلەن مۇزەپپەر،
كۆچۈرۈشنى تاشلىدى.
ياردىمىدە ئەھمەدنىڭ،
ئۆگىنىشنى باشلىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي مۇزەپپەر،
ئۆتتى ھەممە ئالدىغا.
بەسلىشەتتى ھەردائىم،
قارىمايتتى ئارقىغا.

كىچىك دوستلار، ئاڭلاڭلار،
سۆزگە قۇلاق سېلىڭلار.
چىن دوست بولۇپ ئۆزئارا،
دادىل قەدەم ئېلىڭلار.

## كۆنۈكمە

1. شېئىرنى ئۇنىلۇك ئوقۇڭلار ھەمدە تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) مۇزەپپەر نېمىشقا ئەھمەدنىڭ ئۆيىگە كەلدى؟

2) ئەھمەد مۇزەپپەرگە دەپتىرىنى بېرىپ تۇردىمۇ؟

3) ئەھمەد مۇزەپپەرگە قانداق نەسىھەت قىلدى؟

2. تۆۋەندىكىلەرنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىڭلار. توغرىسىغا «√» بەلگىسى، خاتاسىغا «×» بەلگىسى قويۇڭلار.

1) مۇزەپپەر ئەھمەدكە دەپتىرىنى بېرىپ تۇرۇشنى ئېيتقاندا، ئۇ دەپتىرىنى دەرھاللا بېرىپ تۇردى. (　　　)

2) ئەھمەد دوستى مۇزەپپەرگە تاپشۇرۇقتا كۆچۈرسە بولمايدىغانلىقىنى چىرايلىق چۈشەندۈردى. (　　　)

3) مۇزەپپەر ئەھمەدنىڭ قىلغان نەسىھەتلىرىدىن كېيىن، تاپشۇرۇقنى

ئۆزى مۇستەقىل ئىشلەيدىغان بولدى. (           )

3. سىزنىڭچە ئەھمەد ھەقىقىي دوستلۇققا يارامدىكەن؟

4. شېئىرنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ ھېكايە قىلىپ سۆزلەڭلار.




# ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان

ئۇماق دوستلار! شەرقىي تۈركىستان بىزنىڭ ئانا ماكانىمىز، شۇنداقلا ئىسلام زېمىنلىرىنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ، مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل، تەبىئىي بايلىقلىرى مول، جۇغراپىيىلىك شارائىتى ئەۋزەل بولغان بىپايان بىر زېمىن.

شەرقىي تۈركىستاننى ئالتاي تېغى، كۇئېنلۇن تېغى، قاراقۇرۇم تېغى ۋە ئالتۇنتاغ قاتارلىق ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ. پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان زېمىنى تەڭرىتېغى ئارقىلىق جەنۇبىي ۋە شىمالىي تۈركىستان دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.



شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەر كۆلىمى 1 مىليون 828 مىڭ 417 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن 35 مىليون ئەتراپىدا. شەرقىي تۈركىستان ئاھالىسىنىڭ كۆپچىلىكى ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدۇ.

«تۈركىستان» دېگەن بۇ ئاتالغۇ «تۈرك» ۋە «ستان» دىن ئىبارەت ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، «تۈركلەر زېمىنى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. خىتايلار شەرقىي تۈركىستاننى 1878- يىلى تولۇق بېسىۋالغاندىن كېيىن، 1884- يىلى 11- ئاينىڭ 17- كۈنى بۇ يەرنى «شىنجاڭ» (يەنى يېڭى بېسىۋېلىنغان زېمىن) دەپ ئاتىۋالغان ۋە دەھشەتلىك زۇلۇم- ستەملەرنى يۈرگۈزگەن. لېكىن كۈپرىغا بىر مىنۇتمۇ رازى بولمايدىغان شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى تاجاۋۇزچى خىتايلارغا قارشى توختىماي جىھاد قىلىپ، 1933- يىلى سابىت داموللام باشچىلىقىدىكى مۇستەقىل ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇغان. ئەمما ھىيلىگەر خىتاي كاپىرلىرى ۋە مىللىي مۇناپىقلارنىڭ سۇيىقەستى بىلەن بۇ يۇمران ئىسلامىي جۇمھۇرىيەت قولدىن كەتكەن. شەرقىي تۈركىستان 1949- يىلى خىتاي كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان ۋە رەسمىي ھالدا «شىنجاڭ» دەپ ئاتالغان.

شۇنىڭدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستان خەلقى دىنسىز خىتاي كاپىرلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا قاتتىق ئىڭرىماقتا.

شەرقىي تۈركىستان خەلقى دىنسىز خىتاي كاپىرلىرى تەرىپىدىن تېڭىلغان بۇ ھاقارەتلىك نامنى پەقەتلا قوبۇل قىلماي، كوممۇنىستىك تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈستىدە توختىماي ئىزدەنمەكتە ۋە ھەرىكەت قىلماقتا.

# كۆنۈكمە

1. تېكىستنى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇپ، مەزمۇنىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.
2. بىزنىڭ ئانا ماكانىمىز قەيەر؟ ئۇنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟
3. شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەر كۆلىمى قانچىلىك؟
4. شەرقىي تۈركىستاندا ھازىر قايسى ھاكىمىيەت بار؟ ئۇلار ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننى نېمە دەپ ئاتايدۇ؟ شەرقىي تۈركىستان خەلقى بۇ ھاكىمىيەتنى ياخشى كۆرەمدۇ؟
5. تۆۋەندىكى سۆزلەر تېكىستنىڭ قايسى جايلىرىدا كەلگەن؟ بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

بىپايان زېمىن، قاتتىق ئىگىرىماق، كوممۇنىست، ئاغدۇرۇپ تاشلاش.

6. تېكىستنىڭ تۆتىنچى ئابزاسىنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.
7. مۇئەللىمىڭلارنىڭ ياردىمىدە خەرىتىدىن ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننى تېپىپ بېقىڭلار ھەمدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ قايسى دۆلەتلەر بىلەن چېگرىداش ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.
8. تۆۋەندىكى ماقاللارنى يادلىۋېلىڭلار.

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگىرويىڭ سامان بولماس.

يۇرت قوغدىساڭ ئۆسەرسەن، قوغدىمىساڭ ئۆچەرسەن.

# ئاساسىي مەشق

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا مۇۋاپىق كېلىدىغانلىرىنى تۇتاشتۇرۇڭلار ۋە تاپشۇرۇق دەپتىرىڭلارغا كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

| | |
|---|---|
| راستچىل | ئىش |
| ئۇلۇغ | بالا |
| مەخپىي | ئاللاھ |
| مەزلۇم | خەلق |

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭلار.

غەمگە چۆكۈپ كەتمەك، ئەرۋاھى ئۇچماق، ھەدىيە قىلماق، ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالماق، قاتتىق ئىغىرىماق.

3. تۆۋەندىك سۆزلەرنىڭ قارىمۇقارشى مەنىسىنى يېزىڭلار.

| | |
|---|---|
| راستچىل | |
| ئەقىللىق | |
| تېز | |
| سوغۇق | |

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى بىرىكتۈرۈپ راۋان جۈملىگە ئايلاندۇرۇڭلار.

1) كۆرمىگەن تۇردۇ مۆئەللىم بىلەن كۆرۈپ ئاللاھ تائالا.

2) ئەدەبىيات ئاڭلايمىز بىز كۆڭۈل دەرسىنى قويۇپ.

3) خەلقى شەرقىي تۈركىستان خەلق بولۇپ مۇسۇلمان ئايرىلماس پارچىسى ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ھېسابلىنىدۇ بىر.

5. دىئالوگنى مەشىق قىلىڭلار.

## بۇتنى كىم چاقتى؟

كىشىلەر بايرامدىن قايتىپ كېلىپ، بۇتخانىغا كىرىپتۇ. بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن بۇتلارغا باش ئۇرۇپ خۇشاللىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولۇپتۇ. بىراق، كىشىلەر بۇتلارنىڭ چېقىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىقتىن چۆچۈپ كېتىپتۇ، غەزەپتىن كۆزلىرى چەكچىيىپتۇ. ئۇلار:

— بىزنىڭ بۇتلىرىمىزنى كىم چاققاندۇ؟ — دەپتۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسى:

— ئىبراھىم ئىسىملىك بىر بالىنىڭ بۇتلارنى تىللىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدۇق، بەلكىم شۇ چاققان بولۇشى مۇمكىن — دەپتۇ. ئۇلار ئىبراھىمنى چاقىرتىپ:

— ئى ئىبراھىم! بۇتلىرىمىزنى سەن چاقتىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئىبراھىم:

— ياق. مەن ئەمەس، بەلكى بۇتلارنىڭ چوڭى كىچىكلىرىنى چېقىۋەتتى، ئىشەنمىسەڭلار چوڭ بۇتتىن سوراپ بېقىڭلار! — دەپتۇ.

ئۇلار بۇتلارنىڭ تاشتىن ياسالغانلىقىنى، تاشنىڭ سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىنى ۋە ئاڭلىيالمايدىغانلىقىنى، چوڭ بۇتنىڭمۇ ئوخشاشلا تاشتىن ياسالغانلىقىنى، باشقا بۇتلارنى چېقىپ تاشلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆز ئورنىدىن مىدىر-سىدىر قىلالمايدىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىشىپ:

— ئى ئىبراھىم! سەن بۇتلارنىڭ سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىنى بىلىسەنغۇ؟ — دەپتۇ. ئىبراھىم:

— بۇتلار بىراۋغا پايدا-زىيان يەتكۈزەلمىسە، نېمىشقا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىسىلەر؟ ئۇ سۆزلىيەلمىسە ۋە ئاڭلىيالمىسا قانداقسىگە تىلەكلىرىڭلارنى

ئۇلاردىن تىلەيسىلەر؟ سىلەر چۇشەنمەمسىلەر؟ سىلەردە ئەقىل يوقمۇ؟ ــــ دەپتۇ .

ئۇلار قىلغىلى گەپ تاپالماي، تىللىرى گاچىلىشىپ سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ.

6. تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنى تېپىڭلار.

ئاپئاق، ئۇۋاق كىرىستال،
چۈشسە سۇغا يوق دەرھال.
تەم كىرگۈزسەڭ تائامغا،
سەن ئۇنىڭدىن ئۆلچەپ سال.

چىقىشالماس قەنت بىلەن،
ئويلاپ تاپقىن پەم بىلەن.

7. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) ئۆتكەن مەۋسۇمدىكى نەتىجىلىرىڭىز قانداقراق؟ سىز بۇ نەتىجىلىرىڭىزدىن رازىمۇ؟

2) بۇ مەۋسۇمدا قانداقراق ئوقۇشنى ئويلاۋاتىسىز؟

8. مۇئەللىمىڭىزدىن شەرقىي تۈركىستان توغرۇلۇق تېخىمۇ كۆپ مەلۇماتلارنى سوراپ بىلىۋېلىڭ.



# مېنىڭ بېغىم

مەكتەپ مېنىڭ بېغىم، مەن ئاشۇ باغدىكى بىر تۈپ كۆچەت، ئوقۇتقۇچى ئۇستازلىرىم بولسا كۆچەتلەرنى پەرۋىش قىلغۇچى ۋە چېچەكلىتىپ مېۋىگە كىرگۈزگۈچى جاپاكەش باغۋەنلەردۇر.

مەن ھەر كۈنى سەھەردە سومكامنى ئاسقان ھالدا بېغىمغا يېتىپ كەلگىنىمدە، بېغىم ماڭا «مەرھابا!» دەپ كەڭ قۇچاق ئېچىپ، مېنى قارشى ئالىدۇ. باغۋەنلەرنىڭ ماڭا زوقمەنلىك بىلەن تىكىلگەن نۇرلۇق كۆزلىرىدىن چەكسىز ئىپتىخارلانغان ھالدا غۇنچىلار ئارىسىغا قوشۇلىمەن.

مەكتەپ — مېنىڭ بېغىم، ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ يالقۇنلۇق ئوچىقى. باغۋەنلەر مېنى مۇستەھكەم ئىمان، مول بىلىم، ئۇلۇغ پەزىلەت، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن تەربىيىلەپ، بىلىم شەربەتلىرى بىلەن سۇغىرىپ، «ئەلگە يارامىلىق كېسەك» قىلىپ چىقىش ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلماقتا. مەن ھەر كۈنى مەكتىپىمگە كەلگىنىمدە، ئىمانىمنىڭ كۈچىيىپ، ئىرادەمنىڭ چىڭىۋاتقانلىقىنى، بىلىمىمنىڭ ئېشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمەن.

مەكتەپ — مېنىڭ بېغىم، بۈگۈن بىلەن ئەتە ئوتتۇرىسىدىكى يىمىرىلمەس قورغان. ئىمانلىق، ئەل سۆيەر، باتۇر، ئىجادكار ئەۋلادلارنى تەربىيىلەپ چىقىدىغان بازا ۋە ئەلنىڭ بۆشۈكى.

مەن قەلبىمگە پۈككەن گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمغا يېتىش ئۈچۈن ئەنە شۇ بۆشۈكتە تەربىيىلەنمەكتىمەن.

بۇ گۈزەل بېغىمنى بەكلا ياخشى كۆرىمەن، ئاللاھتىن بۇ بېغىمنى تېخىمۇ چىرايلىق ۋە مول ـ ھوسۇللۇق قىلىپ بېرىشىنى سورايمەن.

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى تەكرار ئوقۇڭلار.
2. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) تېكىستتە نېمىشقا مەكتەپنى باغقا ئوخشاتقان؟ ئۇ ئىككىسىنىڭ قانداق ئوخشاشلىقى بار؟

2) «مەن» ھەر كۈنى مەكتەپكە كەلگەندە، نېمىشقا ئۇنى كۆچىيىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ؟

3. سىزمۇ مەكتەپىڭىز، ئوقۇتقۇچى ۋە ئۇستازلىرىڭىزنى ياخشى كۆرەمسىز؟ نېمە ئۈچۈن؟

# ئۆگىنىمەن تىرىشىپ

مەكتىپىمدۇر بىر بۇلاق،
ئىلىم بولسا نۇر چىراغ.
ئۆگىنىمەن تىرىشىپ،
ھۇرۇنلۇقتىن بوپ يىراق.

ھەقنى سۆزلەر ئۇستازىم،
ھەقتۇر ھەدىس قۇرئانىم.
ئۆگىنىمەن تىرىشىپ،
ھەقنى بىلىش ئارمانىم.

دەيدۇ ئانام: گۈلتاجىم،
سەندە ئارزۇ ـ ئارمانىم.
قازغىن ئىلىم كانىنى،
تىرىشچان بوپ ھەردائىم.

دەيدۇ دادام: ئوقۇغىن،
ئەمەل قىلغىن بىلگەنگە.
قولغا كەلمەس نەتىجە،
بىكار ئويناپ يۈرگەنگە.

ئارزۇيۇمۇ دۇنيادا،
كۆپلەپ ئىلىم ئۆگەنسەم.
ئۆگەنگەننى ئۆگىتىپ،
نادانلىقنى تۈگەتسەم.

بەرگىن ئۇلۇغ ئاللاھىم،
ماڭا ئىلىم ـ سائادەت.
ئىلىم بىلەن دىل يورۇق،
قىل دۇئانى ئىجابەت.

## كۆنۈكمە

1. شېئىرنى ئۈنلۈك ئوقۇپ، راۋان دېكلاماتسىيە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار.
2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.
ھۇزۇنلۇق، ھەدىس، گۈلتاجىم، كان، نادانلىق، سائادەت.
3. بۇ شېئىردا مەكتەپ نېمىگە ئوخشىتىلغان؟ ئىلىمچۇ؟
4. تۆۋەندىكى مىسرالارنىڭ مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرىڭلار:

قازغىن ئىلىم كانىنى،
تىرىشچان بوپ ھەردائىم.

5. شېئىرنى يادلىۋېلىڭلار.
6. شېئىرنىڭ ئاخىرقى كۇپلېتىنى يادقا يېزىڭلار.



# مەندەك بولماڭلار!

پەرھات، پەرھات!

تۇيۇقسىز قۇلىقىمغا كىرگەن بۇ ئاۋاز شېرىن چۈشلىرىمنى بۇزۇۋەتتى. «ساۋاقدىشىم ئەلى چاقىرىۋاتقان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ ئېرەنسىزلىك بىلەن بېشىمنى ئاستا كۆتۈردۈم. ئەسلىدە مېنى چاقىرغىنى ساۋاقدىشىم ئەلى ئەمەس، بەلكى ئوقۇتقۇچۇم يەھيا ئىكەن. ئۇ ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى، مەن مۇئەللىمدىن تەسلىكتە كۆزۈمنى ئۈزۈپ يەرگە قارىۋالدىم. ساۋاقداشلىرىمنىڭ بەزىلىرى ماڭا قاراپ كۈلسە، بەزىلىرى نېمىشقىدۇر ماڭا قاراپ ئالىيۋاتاتتى. مەن ئېسىمنى يىغدىم ـ دە، پارتىدىن مەيدەمنى كۆتۈرۈپ رۇسلىنىپ ئولتۇردۇم. يۈزۈم ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى.

ھېلىمۇ ياخشى مۇئەللىم ماڭا قايتا كايىماي، دەرسنى داۋاملاشتۇردى. دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتكەن يۈرىكىممۇ ئورنىغا چۈشتى. دەرس تۈگىگەندىن كېيىن مۇئەللىم مېنى ئىشخانىغا چاقىردى. بايا ئاران ئورنىغا چۈشكەن يۈرىكىم يەنە دۈپۈلدەشكە باشلىدى. ئىچىمدە: «مۇئەللىم راسا ئەدىپىمنى بېرىدىغان بولدى» دەپ ئويلىدىم. بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ قورقۇنچ ئىچىدە ئىشخانىغا كىردىم، لېكىن ئىش مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك بولمىدى.

مۇئەللىم ماڭا كۆيۈنگەن ھالدا:

— پەرھات! مەۋسۇملۇق ئىمتىھانغىمۇ ئاز قالدى. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتىمۇ دەرس ۋاقتىدا ئۇخلاپ ئولتۇرسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «بەش نەرسىنى

بەش نەرسىدىن بۇرۇن قەدىرلە: ھاياتىڭنى ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن، ساق ۋاقتىڭنى ئاغرىپ قېلىشتىن بۇرۇن، بوش ۋاقتىڭنى ئالدىراشلىقىڭدىن بۇرۇن، ياش ۋاقتىڭنى قېرىپ كېتىشتىن بۇرۇن، باي ۋاقتىڭنى كەمبەغەل بولۇپ قېلىشتىن بۇرۇن قەدىرلە»[1] دېمىگەنمىدى؟ — دېدى. مەن بېشىمنى يەردىن كۆتۈرەلمەي تىرنىقىمنى تاتىلاپ تۇردۇم ۋە بۇندىن كېيىن ئۇنداق قىلماسلىق توغرىسىدا ۋەدە بېرىپ چىقىپ كەتتىم.

ئۆيگە قايتىپ ئەسىر نامىزى ئوقۇپ بولۇپ تۇرۇشۇمغا، دوستۇم سەئىد قولتۇقىغا پۇتبول قىستۇرۇپ كەلدى ۋە:

— قانداق پەرھات، پۇخادىن چىققۇچە ئوينىمامدۇق؟ — دېدى. بۇ چاغدا مۇئەللىمنىڭ سۆزلىرى پۈتۈنلەي ئېسىمدىن چىقىپ كەتكەن ئىدى.

— بولىدۇ ئاداش، ئوينىساق ئوينىدۇق، — دېدىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن توپ مەيدانىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق.

كۈنلەر مانا مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ كەتتى. ئاخىرى ئىمتىھانمۇ يېتىپ كەلدى. «بىلگەن بىلگىنىنى ئىشلەر، بىلمىگەن بارمىقىنى چىشلەر» دېگەندەك، كۆپ سوئاللارنى ئىشلىيەلمىدىم. نەتىجەم سىنىپ بويىچە ئەڭ ئاخىرىدا بولۇپ چىقتى.

كىچىك دوستلار، مېنىڭ مۇشۇ تاپتا قانچىلىك ئازابلىنىۋاتقانلىقىمنى بىلەمسىلەر؟ مەن ئىنتايىن پۇشايمان ئىلكىدە قالدىم. قۇلاق تۈۋىمدە مۇئەللىمنىڭ سۆزلىرى جاراڭلاپ، مېنى تېخىمۇ بىئارام قىلىدۇ... سىلەر ھەرگىزمۇ مەندەك بولماڭلار، تىرىشىپ ئوقۇڭلار!

---

[1] ھاكىم ۋە بەيھەقى تويلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى تىنىش بەلگىلىرىگە دىققەت قىلغان ئاساستا ئۈنلۈك ۋە راۋان ئوقۇڭلار.

2. نېمە ئۈچۈن «بىلگەن بىلگىنىنى ئىشلەر، بىلمىگەن بارمىقىنى چىشلەر» دەيمىز؟ تېكىستتىكى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق سۆزلەپ بېرىڭلار.

3. تۆۋەندىكىلەرنىڭ توغرا-خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىڭلار. توغرىسىغا «√» بەلگىسى، خاتاسىغا «×» بەلگىسى قويۇڭلار.

1) «مەن» ئۇخلاپ قالغان چاغدا، ئانىسى ئۇنى ئويغاتقان ئىدى. (      )

2) «مەن» ئىشخانىغا كىرگەن چاغدا، مۇئەللىم ئۇنىڭغا قاتتىق كايىپ كەتتى. (      )

3) سەئىد توپ ئوينىغىلى كەلگەن چاغدا، «مەن» ئىككىلەنمەستىن سەئىد بىلەن بىللە توپ ئوينىغىلى كەتتى. (      )

4) «مەن» ئۆزىنىڭ ياخشى ئۆگەنمىگەنلىكىگە قاتتىق پۇشايمان قىلدى. (      )

4. تېكىستتىكى ۋەقەلىكنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېرىڭلار.

5. تېكىستتە تىلغا ئېلىنغان ھەدىسنى يادلىۋېلىڭلار.

# ئاساسىي مەشق

**1. تىرناق ئىچىدىكى سۆزلەردىن مۇۋاپىق بولغانلىرىنى تاللاش ئارقىلىق بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار.**

1) مەن ئاشۇ باغدىكى بىر ... كۆچەت. (يۇمران، كىچىك، چىرايلىق)

2) مەن بۇ ... بېغىمنى بەكلا ياخشى كۆرىمەن.
(تاتلىق، يېڭى، چىرايلىق)

3) ... يىراق بولۇپ تىرىشىپ ئۆگىنىمەن.
( تىرىشچانلىقتىن، ھۇرۇنلۇقتىن، مەينەتلىكتىن)

4) ئۇ ئۆز خاتالىقىنى ... . (بىلدى، كۆردى، تېتىدى)

**2. تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى خاتالىقنى تۈزىتىڭلار.**

1) مېنىڭ ھازىرقى ۋەزىپەم كۆپلەپ ئىلىم يېزىپ، ئاللاھنىڭ ماڭا بەرگەن نېئمەتلىرىنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلىش.

2) «گۈم» قىلغان ئاۋاز شېرىن چۈشلىرىمنى ئويغىتىۋەتتى.

3) «دادام ماڭا قاتتىق ئاچچىقلايدىغان بولدى» دەپ ئويىندىم.

4) مەن دەرسلەرنى كۆڭۈل قويۇپ، تىرىشىپ سۆزلەيمەن.

**3. تۆۋەندىكى سۆزلەر قانداق ۋاقىتلاردا ئىشلىتىلىدۇ؟ ئۇ سۆزلەرنى ئىشلىتىشنى ئادىتىڭلارغا ئايلاندۇرۇۋېلىڭلار.**

ئەسسالامۇ ـ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەراكاتۇھۇ، ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن، ئاللاھ ئەجرىڭىزنى بەرسۇن، كەچۈرۈڭ.

4. تۆۋەندىكى شېئىرنى يادلىۋېلىڭلار ھەمدە يادقا يېزىڭلار.

ئۇستاز سۆزى ئوخشايدۇ،
گويا كى قەنت، شېكەرگە.
ئۇستاز سۆزى باشلايدۇ،
بىزنى شانۇ ـ زەپەرگە.

ئۇستاز سۆزى كۆرسىتەر،
ھەق بىلەن ھەم باتىلنى.
ئۇستاز سۆزى تىكلەيدۇ،
بىزدە ئىشەنچ تېغىنى.

ئۇستاز سۆزى ئۆگىتەر،
بىزگە ئېسىل خىسلەتنى.
ئۇستاز سۆزى بېغىشلار،
بىزگە مېھىر ـ شەپقەتنى.

5. تۆۋەندىكى تېپىشماقنى تېپىڭلار.

قەۋەت، قەۋەت تونى بار،
ئارىسىدا دېنى بار.
سىقىپ باقساڭ دېنىنى،
ئەجەب تاتلىق قېنى بار.

6. تۆۋەندىكى رەسىمنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىڭلار:
رەسىمدىكى بالا نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟
رەسىمدىن يەنە نېمىلەرنى بايقىدىڭلار؟
ئاخىرىدا سۆزلىگىنىڭلارنى راۋان جۈملىگە ئايلاندۇرۇپ يېزىڭلار.






# يۈز نومۇر ئالغاندا

سىنىپ ئىچى شۇنداق جىمجىت ئىدىكى، مۇئەللىمنىڭ ئۇياقتىن-بۇياققا ماڭغان ئاياغ تىۋىشىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. سىنىپتىكى 45 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ پۈتۈن دىققىتى ساۋاقداش بىلالنىڭ دوسكىدا ئىشلەۋاتقان ھېسابىغىلا مەركەزلەشكەنىدى. بىلال ھېسابنى ئىشلەپ بولۇپ دوسكىنىڭ بىر تەرىپىگە ئۆتۈپ تۇرغاندىن كېيىن، مۇئەللىم:

— ئىشلەپ بولدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، ئىشلەپ بولدۇم، — دېدى بىلال ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا. مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ:

— ساۋاقداشلار، بىلال ھېسابنى توغرا ئىشلىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئوقۇغۇچىلار بىردەك:

— توغرا بولدى، — دەپ جاۋاب بېرىشتى. بىلال ھېسابنى تەلەپكە لايىق توغرا ئىشلىگەنىدى. مۇئەللىم ئۇنىڭغا قاراپ:

— ياخشى، ئولتۇرۇڭ. نومۇرىڭىز 100، — دېدى ۋە قولىدىكى سىنىپ خاتىرىسىگە نومۇرنى خاتىرىلەپ قويدى. 45 جۈپ كۆز ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئۆز پارتىسىغا قاراپ ماڭغان بىلالغا سۆيۈنۈش بىلەن تىكىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرىدىن چاقنىغان نۇر ۋە يۈزلىرىدىكى تەبەسسۇمىدىن شۇ تاپتىكى چەكسىز خۇشاللىقى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى.

ئالدىنقى مەۋسۇمدا مۇئەللىم بىلالنى دوسكىغا چىقىرىپ ناھايىتى ئاددىي ھېسابتىن بىرنى ئىشلەتكۈزگەندە، بىلال ئۇ ھېسابنى ئىشلىيەلمەي خىجىللىقتىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تىرناق تاتىلاپ تۇرغانىدى. مۇئەللىم:

— ئىشلىيەلمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى ۋە بىلالغا قاراپ:

— ھۇرۇنلۇق قىلىپ ئۆگىنىشكە كۆڭۈل بۆلمەيسىز. بۇ ئاددىي ھېسابنى سىنىپتىكى ھەممە ساۋاقداشلىرىڭىز ئىشلەپ بولدى. بۈگۈندىن كېيىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ ساۋاقداشلىرىڭىزغا يېتىشىۋېلىڭ! بىزدە «ئادەمنىڭ قىممىتى بىلىمى بىلەن ئۆلچىنىدۇ» دەيدىغان گەپ بار، ئۇنتۇماڭ، — دېگەنىدى.

مۇئەللىمنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا قىلغان ئۇ سۆزلىرى بىلالغا ناھايىتىمۇ چوڭقۇر تەسىر قىلغان بولۇپ، ئىزا تارتقىنىدىن يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي بىرىپ پارتىسىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن: «مۇئەللىم توغرا دەيدۇ. ئادەتتە مەن ئۆگىنىشكە ئانچە قىزىقمايمەن، بولۇپمۇ مۇشۇ ھېساب دەرسىگە. مانا بۈگۈن ئۆگەنمىگەننىڭ زىيىنىنى كۆردۈم. مەن باشقا ساۋاقداشلىرىم بىلگەننى نېمىشقا بىلمەيمەن؟ مەن دۆتمۇ؟ ياق، ھەممىسى تىرىشمىغانلىقىمدا. بۈگۈندىن كېيىن ھۇرۇنلۇق قىلماي تىرىشىپ ئۆگىنەي» دېگەنلەرنى كۆڭلىگە پۈكتى.

بۈگۈنكى بۇ سىناقتىن كېيىن بىلال ساۋاقنى يەكۈنلىدى. ئۇ دەرستە ئويناپ ئولتۇرمايدىغان، تاپشۇرۇقلارنىمۇ ئۆزى باش قاتۇرۇپ مۇستەقىل ئىشلەيدىغان بولدى. بىلالنىڭ ئۆگىنىشكە بېرىلىشى مۇئەللىمنى ئىنتايىن سۆيۈندۈردى. ساۋاقداشلىرىمۇ بىلالغا تۇشمۇتۇشتىن ياردەم قىلىشقا باشلىدى. «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە» دېگەندەك، بىلال كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىپ بىرىم يىلغا قالمايلا سىنىپتىكى ھېساب دەرسىدە ئالدىنقى قاتاردىكى

ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

بىلال ھېسابنى ئىشلەپ بولۇپ ئۆز پارتىسىغا بېرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، مۇئەللىم:

ــــ ھەممىڭلار بىلالنىڭ تىنىمسىز ئالغا ئىلگىرىلىشى ۋە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش روھىنى ئۆگىنىڭلار. شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ئىلىم - پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقالايسىلەر، ــــ دېدى.

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار ھەمدە تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) بىلال قانداق قىلىپ ھېساب دەرسىدە ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى؟

2) بىلال ئالدىنقى مەۋسۇمدا نېمىشقا شۇنچە ئاددىي ھېسابنىمۇ ئىشلىيەلمەيدۇ؟

3) سىزنىڭچە بىلال بۇرۇن ھەقىقەتەن دۆتمىكەن؟

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ھەمدە ئاستىغا سىزىق سىزىلغان سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭلار.

دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرمەك، بېشىنى تۆۋەن سالماق، تىرناق تاتىلاپ تۇرماق، ھۇرۇن، ساۋاق يەكۈنلىمەك، تىنىمسىز.

3. تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق سۆزلەرنى قويۇپ راۋان جۈملىگە ئايلاندۇرۇڭلار ھەمدە كۆچۈرۈپ

يېزىــڭلار.

1) بىلال ھېسابنى ... ئىشلىگەندى.
2) مەن بۇنىڭدىن كېيىن ... قىلماي ... ئۆگىنىمەن.
3) ئۇ تاپشۇرۇقلارنى ... ، .... ئىشلەيدىغان بولدى.
4. تۆۋەندىكى ماقالىلارنى يادلىۋېلىڭلار.

بىلىكى چوڭ بىرنى يېڭەر،
بىلىمى چوڭ مىڭنى (يېڭەر).

بىلىملىك ئاسمانغا چىقىپتۇ،
بىلىمسىز ساماندا يېتىپتۇ.



# بەسلىشەيلى بىز

كەلگىن مۆھەممەد،
بەسلىشەيلى بىز.
بىلىم ئېلىشقا،
ئاتلىنايلى بىز.

كىم چىقسا ئۈزۈپ،
مۆشكۈلنى يېڭىپ.
بىلىم بېغىدىن،
شەربەتلەر ئىچىپ.

ماڭايلى شۇنىڭ،
تۇتۇپ قولىنى.
تىرىشچانلارنىڭ،
بېسىپ يولىنى.

ئۆگىنەيلى تېز،
چىڭ تۇتۇپ پەيتنى.
چاقايلى پەننىڭ،
شېرىن قەنتىنى.

ئۇستازلارنى بىز،
قىلايلى ھۆرمەت.
سىڭدۈردى بىزگە،
جاپالىق مېھنەت.

ياخشى ئۆگىنىپ،
باسمىز ئالغا.
قەدەم تاشلايمىز،
گۈزەل ئىقبالغا.

ئۇلۇغ ئاللاھقا،
بولسۇن ھەمدىلەر.
زىيادە بولسۇن،
يەنە نېئمەتلەر.

## كۆنۈكمە

1. شېئىرنى ئۈنلۈك ئاۋازدا راۋان ئوقۇڭلار ھەمدە جانلىق دېكلاماتسىيە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار.

2. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) شېئىرنى «مەن» مۇھەممەد بىلەن نېمە توغرىسىدا بەسلەشمەكچى بولدى؟

2) بىز نېمە ئۈچۈن ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەيمىز؟

3) بىز نېمە ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا ھەمدىلەر ئېيتىمىز؟

3. شېئىردىكى «شەربەتلەر ئىچىپ»، «شېرىن قەنتىنى» دېگەن مىسرالارنى تېپىڭلار ھەمدە قانداق مەزمۇننى ئىپادىلىگەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

4. ئاخىرقى ئىككى كۇپلېتنى پارچىگە ئايلاندۇرۇپ يېزىڭلار.



# شەرقىي تۈركىستان ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز

2017 ـ يىلى 3 ـ ئايدا پۈتۈن ئىسلام ئالىمى، جۈملىدىن شەرقىي تۈركىستان خەلقى چاقناپ تۇرغان نۇرلۇق يۇلتۇزىدىن ئايرىلدى. ئۇ يۇلتۇز ــــ كاپىرلار كۆزىگە مىخ بولۇپ قادالغان تىز پۈكمەس دەۋەتچى، كۆمۈلۈپ قالغان ئىسلام روھىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇسسۇزلۇقتا قالغان شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا ئىمان شەربىتىنى تەقدىم قىلغۇچى ۋە ھازىرقى زاماندا ئىماننى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىشنىڭ يۈكسەك ئۈلگىسىنى ياراتقان مۇجاھىد، تەۋھىد ئۇستازى ئابدۇلكەرىم ئابدۇۋەلى قارىدۇر.



1949 ـ يىلى ماۋزىدۇڭ باشچىلىقىدىكى تاجاۋۇزچى خىتاي كوممۇنىستلىرى ئىسلامىي دىيار بولغان ئانا تۇپرىقىمىز شەرقىي تۈركىستان زېمىنىنى تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋالغاندىن كېيىن، بۇ زېمىندا ئاتېئىزم[1] تەشۋىقاتى ئەۋج ئالدى.

---

[1] دىنسىز كاپىرلارنىڭ خۇداسىزلىقنى تەشەببۇس قىلىش ۋە «ئادەم مايمۇندىن ئۆزگەرگەن» دېگەن سەپسەتىنى دەۋا قىلىش، شۇنداقلا دىنىي ئېتقادلارنى رەت قىلىش كۆز قارىشى.

بولۇپمۇ بۇ تەشۋىقات ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە يۇقىرى پەللىگە چىقىپ، ئىسلامىي كىتابلار، ھەتتا مۇقەددەس قۇرئان كەرىم ئۆي ـ ئۆيلەردىن يىغىۋېلىنىپ كۆيدۈرۈۋېتىلدى. مەسجىد، مەدرىسەلەرمۇ چوشقا قوتانلىرىغا ئايلاندۇرۇلدى.

مانا مۇشۇ 30 نەچچە يىللىق ئىسلامغا قىلىنغان ھۇجۇم ۋە يوقۇتۇشنىڭ تەسىرىدە، «رەببىم ئاللاھ» دېيىشنى خۇراپاتلىق[1] ۋە نومۇس ھېسابلايدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر پەيدا بولدى. مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا، مەرھۇم مۇجاھىد ئۇستاز ئابدۇلكەرىم ئابدۇۋەلى ئىنساننىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋە يادرولۇق مەسىلە بولغان ئېتىقاد مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە تەۋھىد ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ ۋە ئۇنى بىخلاندۇرۇپ، يېڭى بىر ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنى قوزغىدى ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى توغرا ئىسلامىي ئاڭغا يېتەكلىدى. بولۇپمۇ مەرھۇم ئۇستاز ئۆز دەۋتىدە قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ھەدىسلەرنى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىلمىي دەلىللەر بىلەن چۈشىنىشلىك، قايىل قىلارلىق يەتكۈزۈپ، ئىسلام بىلەن زامانىۋى ئىلىم ـ پەننىڭ زىچ بىرىكمىسىنى كۆرسىتىپ بەردى ۋە ھەقىقىي خۇراپاتلىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلدۈردى. مانا شۇ




سەۋەبتىن مەرھۇم ئۇستاز ئابدۇلكەرىم ئابدۇۋەلى كەڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدا «كېرەم مۆجىزات»، «كېرەم جىھاد» دېگەن ناملار بىلەن ئاتالدى.

تەۋھىد ئۇرۇقلىرىنى

---

[1] ئاساسسىز، ئىلمىيلىكى يوق، ساختا سۆز ۋە بۇنىڭدىن شەكىللەنگەن خىلمۇخىل كونا ئۆرپ ـ ئادەتلەر.

چاچقان ئۇستاز ئابدۇلكەرىم ئابدۇۋەلىگە قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلغان خىتاي كاپىرلىرى، 1991 ـ يىلى بىر قاتار بوھتانلار بىلەن ئۇنى تۇتۇپ، 12 يىل قاماققا سولىدى. 12 يىللىق تۈرمە ھاياتىدا ناماز ئوقۇشتىن ھەمدە باشقىلارغا دەۋەت قىلىشتىن ۋاز كەچمىگەنلىكى ئۈچۈن، خىتاي كاپىرلىرى بۇ قەھرىمان ئۇستازىمىزنىڭ جازا مۇددىتىنى قايتا ـ قايتا 4 قېتىم ئۇزارتقان ۋە تاكى شەھىد بولغۇچە قويۇپ بەرمىگەن.

مانا بۈگۈنكى كۈندە مەرھۇم مۇجاھىد ئۇستاز ئابدۇلكەرىم ئابدۇۋەلى قارى چاچقان ئۇرۇقلار ۋە قىلغان پەرۋىشلەر ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن بىخ تارتىپ، شاخلىنىپ، بۈك ـ باراقسانلىشىپ مېۋە بەردى ۋە بەرمەكتە. مەرھۇم مۇجاھىد ئۇستاز ئابدۇلكەرىم قارىنىڭ ئاللاھنىڭ دىنىنى ئالىي قىلىش، ئاللاھتىن باشقىغا قۇل بولماسلىقتىن ئىبارەت مۇستەھكەم مەيدانىنى ۋە كاپىرلارغا تىز پۈكمەس قەيسەرانە روھىنى بىز مۇسۇلمانلار ھەم ئەمەلىيىتىمىزگە تەتبىقلىشىمىز لازىم.

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار ھەمدە ئۇستاز ئابدۇلكەرىم ئابدۇۋەلى قارى رەھمەھۇللاھنىڭ خاراكتېرىنى ئىپادىلىگەن سۆزلەرنى تېپىڭلار.

2. تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار.

1) ئابدۇلكەرىم ئابدۇۋەلى كاپىرلارغا قەتئىي (            ) باتۇر مۇجاھىد ئۇستازدۇر.

2) 1949 ـ يىلى ماۋ خىتاي باشچىلىقىدىكى خىتاي كاپىرلىرى

يۇرتىمىزنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، كۈچەپ (            ) ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىشقا باشلىدى.

3) ئۇستاز ئابدۇلكەرىم ئابدۇۋەلى ئۆز دەۋەتلىرىدە (          ) بىلەن (          ) نىڭ بىر-بىرىگە زىت ئەمەسلىكىنى شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا ئىلمىي، قايىل قىلارلىق دەلىللەر بىلەن يەتكۈزدى.

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

مىخ بولۇپ قادالماق، دەۋەتچى، تەۋھىد، يادرولۇق مەسىلە، ئېتىقاد، ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى، بوھتان.

4. ئوقۇتقۇچىڭلاردىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇماتلارنى سوراپ بىلىۋېلىڭلار.

5. تېكىستنىڭ ئاخىرقى جۈملىسىنى يادقا ئېلىۋېلىڭلار ھەمدە يادقا يېزىڭلار.

# ئاساسىي مەشق

1. تۆۋەندىكى نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ئالدىغا ئۇنىڭ رەڭگىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى يېزىڭلار.

| | |
|---|---|
| (           ) يوپۇرماق | (           ) گۈل |
| (           ) ئەنجۈر | (           ) ئالما |
| (           ) مۆلدۈر | (           ) ئاسمان |

2. تۆۋەندىكى سۆز بىرىكمىلىرىدىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا، نۇرلۇق يۇلتۇز، يۇقىرى پەللىگە چىقىپ.

3. تۆۋەندىكى ھېكمەتلىك سۆزلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

ئۆزۈڭلارنى بىلىم ئىگىلەش ئارقىلىق چېنىقتۇرۇڭلار، بىلىم ئېلىش ئۈچۈن كۆپ سوراڭلار. بىلىڭلاركى، بىلىم تارتىنچاق ياكى ھاكاۋۇر ئادەمگە ئالدىنى قىلمايدۇ. تارتىنچاق خىجىل بولۇپ سورىمايدۇ، ھاكاۋۇر چوڭچىلىق قىلىپ سورىمايدۇ.

— رۇفەي ئىبنى مىھران (ئەبۇ ئالىيە)

قۇرئـان روھـىنىڭ ئوزۇقى، قەلبنىڭ باھارى بولسۇن. ئۇنىڭدىن نەسـىھەت ئـال، ئۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارغا نەسىھەت قىل. مۇمكىنىلا بولسا ئۇلۇغ ئاللاھقا كۆپ دۇئا قىل.

ــــ ساھابىلەر سۆزىدىن

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە مەنىداش سۆزلەرنى يېزىڭلار.

| | |
|---|---|
| ئۇستاز (            ) | زېمىن (            ) |
| مۇھىم (            ) | ئالىي قىلىش (            ) |
| ئەقىللىق (            ) | باھار (            ) |

5. ئۆزۈڭلار ئىزدىنىپ، تېپىشماقتىن ئىككىنى يېزىپ كېلىڭلار.



# گۈزەللىك ھەققىدە

دەم ئېلىشتا سىنىپتا،
بىرنەچچەيلەن جەم بولۇپ؛
تالاش ـ تارتىش قىلىشتى،
گۈزەللىكتىن گەپ بولۇپ.

ئىمران دېدى: ئادەمنىڭ،
قاش كۆزىدۇر زىننىتى.
كىمنىڭ ھۆسنى چىرايلىق،
شۇنىڭ بولار ھۆرمىتى.

ياسىن دېدى: گۈزەللىك،
ئەمەس يالغۇز چىرايدا.
ئەدەپ ـ ئەخلاق، پەزىلەت،
گۈزەللىكتۇر ئىنسانغا.

«تۇغرا» دېدى ئۆمەرمۇ،
بۇ پىكىرگە قوشۇلۇپ.
كۆزقارىشىم ياسىنغا،
كېتەر مېنىڭ ئوخشىشىپ.

ئۆلچەنمەيدۇ گۈزەللىك،
كىيىم ـ كېچەك، چىرايدا.
قەلبىڭ گۈزەل بولمىسا،
ئايدەك جامال نە پايدا.

ھېسابلىنار گۈزەللىك،
ئىگە بولغان خىسلەتكە.
قەلبى گۈزەل كىشىلەر،
لايىق قەدىر ـ قىممەتكە.

## كۆنۈكمە

1. شېئىرنى ئۈنلۈك، راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.
2. ھەقىقىي گۈزەللىك قەيەردىكەن؟ قانداق قىلساق ھەقىقىي گۈزەل بولغىلى بولىدىكەن؟
3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ھەم ئاستىغا سىزىلغان سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭلار.
تالاش ـ تارتىش، زىننەت، ، ئەدەپ ـ ئەخلاق، پەزىلەت، جامال، خىسلەت، قەدىر ـ قىممەت.
4. شېئىرنى يادلىۋېلىڭلار.
5. شېئىرنىڭ ئاخىرقى ئىككى كۇپلېتىنى يادقا يېزىڭلار.



# مەن مەكتەپكە بارغاندا...

كۈنلەر ئايلارنى، ئايلار يىللارنى قوغلاپ ئۆتۈپ هەش-پەش دېگۈچە مەنمۇ ئوقۇش يېشىغا توشۇپ قاپتىمەن. ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئاشۇ تال-چۈشقنى ئات ئېتىپ ئويناپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە، قاپقارا ئوتلۇق كۆزلىرىمدە شوخ باللىقنىڭ نۇرلىرى چاقنىسا، سەبىي يۈرىكىمدە ئۇلۇغ ئارزۇ-ئارمانلار يالقۇنجايتتى. سومكىلىرىنى مۈرىسىگە ئېسىپ مەكتەپكە ماڭغان باللارنى كۆرگىنىمدە ھەۋەسلىنىپ قاراپ كېتەتتىم. «قاچانمۇ ئۇلارغا ئوخشاش سومكىلارنى ئېسىپ مەكتەپكە بارارمەن؟!» دەپ ئويلاپ كېتەتتىم.

ئاللاھ خالىسا، مانا مەنمۇ ئەتە مەكتەپكە بارىمەن. بىلىم بۇلىقىغا، جەننەت يولىغا باشلاپ قويىدىغان گۈزەل باغچىغا؛ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز، ئۇنىڭ ساھابىللىرى ۋە باشقا داڭلىق ئالىملار بىلەن تونۇشىدىغان ئالتۇن ماكانغا بارىمەن.

مەن مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن، چوقۇم غەيرەتلىك، شىجائەتلىك بالا بولۇشقا تىرىشىمەن. مەكتەپنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرىگە بويسۇنۇپ، ئوقۇتقۇچىلىرىمنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ئىش قىلىمەن، ئۇلارنى ھۆرمەتلەيمەن. ئەلاچى بولۇپ ئوقۇشقا تىرىشىمەن. سىنىپتا تىنچ

## تۆتىنچى بۆلەك

ئولتۇرۇپ، ئوقۇتقۇچۇم سۆزلىگەن دەرسنى دىققەت بىلەن ئاڭلايمەن. شوخلۇق قىلىپ دەرسخانىنىڭ ئىنتىزامىنى بۇزمايمەن، ئوقۇتقۇچۇمنى رەنجىتمەيمەن. ساۋاقداشلىرىم بىلەن ئۇرۇشۇپ، تىللىشىپ، جېدەل چىقارمايمەن. ئۇلار بىلەن دوست بولۇپ ئاكا ـ ئۇكىدەك ئۆتىمەن. مەكتەپنىڭ تام ۋە ئىشىكلىرىگە ھەر تۈرلۈك سىزىقلارنى، رەسىملەرنى سىزىپ بۇلغىمايمەن. دەرسلەردىن سەۋەبسىز بىر كۈنمۇ قالمايمەن. مەكتەپكە ئۆز ۋاقتىدا بېرىپ، دەرسكە كېچىكمەي كىرىمەن. كىتاب ۋە دەپتەرلىرىمنى پاكىز ۋە رەتلىك تۇتىمەن. دەرس تۈگىگەندىن كېيىن ئەزىز ئاتا ـ ئانىلىرىمنى ئەنسىرەتمەي ئۆيگە تېز قايتىپ ئاتا ـ ئانامغا ياردەملىشىمەن. كوچىلارغا قەغەز پارچىلىرى، نان ئۇۋاقلىرىنى تاشلىمايمەن. چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلارغا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەراكاتۇھۇ» دەيمەن. قۇشلارغا، ھايۋانلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەيمەن. باشقىلارنىڭ مال ۋە نەرسە ـ كېرەكلىرىگە زىيان سالماي، ئۇلارنىمۇ ئۆزەمنىڭ نەرسىلىرىدەك كۆرۈپ ئاسرايمەن. دىنىمىزنىڭ ھەقىقىي خىزمەتچىسى بولۇپ يېتىشىپ چىقىش ئۈچۈن تاقىتىمنىڭ يېتىشىچە تىرىشىمەن.

ساۋاقداشلار! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياش ۋاقتىڭنى قېرىپ كېتىشتىن بۇرۇن قەدىرلە!»[1] دېگەن ئەمەسمۇ؟ ئىنساننىڭ ئەڭ شېرىن ۋە ئەڭ قىممەتلىك ۋاقتى بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرلىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مانا بۇ قىممەتلىك ۋاقتىمىزنى قەدىرلەپ، تىرىشىپ ئوقۇيلى.

---

[1] ھاكىم ۋە بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى پىششىق ئوقۇڭلار ھەمدە تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) تېكىستتىكى «مەن» نىڭ بالىلىق ۋاقىتلىرى قايسى جۈملىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن؟

2) تېكىستتە مەكتەپ نېمىلەرگە ئوخشىتىلغان؟ سىزنىڭ مەكتىپىڭىزمۇ شۇلارغا ئوخشامدۇ؟

2. «مەن» مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن نېمە ئىشلارنى قىلماقچى بولدى؟

3. ئەڭ ئاخىرقى ئابزاسنى يادقا يېزىڭلار.




# گۈزەل ئۆرنەك

سۆيۈملۈك دوستلار! سىلەر پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىلەر؟ بىز بۇ ئۇلۇغ زات بىلەن بىرىنچى قىسىم ئەدەبىيات كىتابىدا ھەم ئازراق تونۇشقان ئىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاق پەزىلىتى ۋە مۇكەممەل بەدەن قۇرۇلۇش سۈپەتلىرىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەشتىن ھەققەتەن ئاجىز كېلىمىز.

ئۇ ئەنە شۇنداق ئېسىل سۈپەتلەر ۋە ئەخلاق-پەزىلەتلەرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، نى-نى ئەزىمەتلەر ئۇنى قوغداش ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاش يولىدا دۇنيا تارىخىدا يەنە بىر ئوخشىشى كۆرۈلمەيدىغان پىداكارلىقلارنى كۆرسەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتكەنلەر ناھايىتى تەبىئىيلا ئۇنىڭ بىلەن دوستلىشىپ قالاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بېشى كېتىشكە رازى ئىدىكى، ھەرگىزمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ تىرنىقى يېرىلىشقا كۆزى قىيمايتتى.

ئۇلارنىڭ رەسۇلۇللاھنى شۇ دەرىجىدە ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا مۇھەببەت باغلىشىدىكى بىردىنبىر سىر — رەسۇلۇللاھنىڭ ۋۇجۇدىدا باشقا بىر ئىنساندا تېپىلمايدىغان كامالىي پەزىلەتلەرنىڭ بار بولغانلىقىدا ئىدى. تۆۋەندە بىز ئۆزىمىزنىڭ مۇشۇ ساھەدىكى ئاجىزلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ بەزى گۈزەل ئەخلاق-

پەزىلىتى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ ئۆتىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى ۋاپادار، سىلە-رەھىملىك، شەپقەتلىك، مېھرىبان، كىشىلەرگە ئىللىق مۇئامىلە قىلىدىغان زات ئىدى. ئۇ چىقىشقاق، ئەدەپلىك، مىجەزى ئوڭلۇق، ئەدەپ-ئەخلاقتا يات ئىشلاردىن يىراق ئىدى. قىلىقى سەت، ئەدەبسىز ۋە لەنەتخور ئەمەس ئىدى. يامانلىققا يامانلىق قىلمايتتى، بەلكى يامانلىق قىلغانلارنى كەچۈرەتتى، ئەپۇ قىلاتتى. يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەكتە ۋە يۈرۈش-تۇرۇشتا باشقىلاردىن ئالاھىدە بولۇۋالمايتتى. خىزمىتىنى قىلغان كىشىنىڭ ئىززىتىنى قىلاتتى. خىزمەتچىسىگە «خەپ» دېمەيتتى. بىر ئىشنى سەۋەنلىك بىلەن قىلغان ياكى قىلمىغانلىقى ئۈچۈن تاپا-تەنە قىلمايتتى. ئۇ مىسكىن بىچارىلەرنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇلارنىڭ دەرد-ئەھۋالىنى ئاڭلايتتى، جىنازا نامىزىغا قاتنىشاتتى، كەمبەغەل نامراتلارنى تۆۋەن كۆرمەيتتى.

ئۇ بىر قېتىم سەپەردە ھەمراھلىرى بىلەن تاماق تەييارلاشقا توغرا كەلگەندە، بىرى: «مەن قوينى بوغۇزلاي»؛ يەنە بىرى: «مەن سويۇپ پارچىلاي»؛ ئۈچىنچى بىرى: «مەن پۇشۇراي» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: «مەن ئوتۇن تېرىپ كېلەي» دېگەن. بۇ چاغدا ئۇلار: «ئۇنىمۇ بىز قىلىمىز» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «قىلىدىغانلىقىڭلارنى بىلىمەن، ئەمما مەن سىلەردىن ئالاھىدە بولۇۋېلىشنى خالىمايمەن، ئاللاھ بەندىسىنىڭ ئۆز ھەمراھلىرىدىن ئالاھىدە بولۇۋېلىشنى ياقتۇرمايدۇ» دېگەن ۋە بېرىپ ئوتۇن تېرىپ كەلگەن.

بىز بايان قىلغان بۇ خىسلەتلەر رەسۇلۇللاھنىڭ كامالەت سۈپەتلىرى ۋە ئۇلۇغۋار پەزىلەتلىرىدىن پەقەتلا بىر تامچە خالاس. ئەمما، ئۇنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى يورۇتۇپ بېرىش ۋە ئېسىل خىسلەت-پەزىلەتلىرىنى بايان قىلىش قولىمىزدىن كەلمەيدىغان بىر ئىشتۇر. دۇنيادا كامالەت پەللىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چوققىسىغا

يەتكەن، ئۆز رەببىنىڭ نۇرىدىن يورۇقلۇق ئالغان، ھەتتا ئەخلاقى قۇرئان بولۇپ كەتكەن ئەڭ ئۇلۇغ بىر زاتنىڭ ھەقىقىي ئەخلاق-پەزىلەتلىرىنى ئاددىي تىللار بىلەن تەسۋىرلەش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟!

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى پىششىق ئوقۇڭلار ھەمدە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ تېكىستتە سۆزلەنگەن گۈزەل ئەخلاقلىرىنى سۆزلەڭلار.

2. تۆۋەندىكىلەرنىڭ توغرا-خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىڭلار. توغرىسىغا «√» بەلگىسى، خاتاسىغا «×» بەلگىسى قويۇڭلار.

1) پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەتلىرىنى تىل بىلەن تامامەن تەسۋىرلىگىلى بولىدۇ. (    )

2) ساھابىلەر بېشى كېتىشكە رازى ئىدىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىرنىقى يېرىلىشقا كۆزى قىيمايتتى، چۈنكى پەيغەمبىرىمىز بەك باي ئىدى. (    )

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياخشىلىق قىلغانلارغا ياخشىلىق قىلاتتى، يامانلىق قىلغانلارغا بولسا يامانلىق قىلاتتى. (    )

4) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقىلاردىن ئالاھىدە بولۇۋېلىشنى قەتئىي ياخشى كۆرمەيتتى. (    )

3. سىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ تېكىستتە تىلغا ئېلىنغان ئەخلاقلىرىدىن قايسى ئەخلاقلىرىغا ئىگە ئىكەنسىز؟

4. تېكىستنىڭ ئىككىنچى ئابزاسىنى ئاتلاپ يېزىڭلار.

5. مۇئەللىمىڭلاردىن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ باشقا بەزى گۈزەل ئەخلاقلىرىنى سوراپ بىلىۋېلىڭلار.

# زەيدىن يۈسۈپ

«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى»نىڭ قۇرغۇچىسى، بارىن جىھادىنىڭ رەھبىرى، داڭلىق قوماندان، تونۇلغان مۇجاھىد زەيدىن يۈسۈپ 1964 ـ يىلى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزا، بارىن كەنتىنىڭ 3 ـ ئەترىتىدە دېھقان يۈسۈپ زەيدىن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

زەيدىن يۈسۈپنىڭ بارىن يېزا بازىرىدا موتسىكلىت، ۋېلىسىپىتلەرنى رېمونت قىلىدىغان بىر دۇكىنى بار بولۇپ، ئۇ كۆرۈنۈشتە ئاددىي بىر ھۈنەرۋەن، بىر دېھقان، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇلۇغ روھ ئىگىسى ئىدى.

ئۇ كېيىنچە قاغىلىقتىكى شەرقىي تۈركىستان بويىچە مەشھۇر ئالىم ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىمنىڭ قېشىغا بېرىپ، يېرىم مەخپىي ھالدا دەرس ئېلىۋاتقان مىڭلىغان تالىپلارغا قوشۇلغان. ئۇ تالىپلار ئارىسىدا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇستاز ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىمنىڭ دىققىتىنى تارتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مەخسۇس تەربىيىلىنىۋاتقان ئالاھىدە تالىپلار گۇرۇپپىسىغا قوبۇل قىلىنغان.

زەيدىن يۈسۈپ قاغىلىقتىكى بىرقانچە يىللىق ئوقۇش جەريانىدا كۆپ ئويلىنىدۇ. ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىككى يىل ئەتراپىدا ۋاقىت چىقىرىپ پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى ئايلىنىپ چىقىدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا كۆپلىگەن كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىدۇ ۋە قۇرئاننىڭ جىھاد قىلىشنىڭ مىزانى ئىكەنلىكىنى، بۇ خار ـ زەبۇنلۇقتىن پەقەت ۋە

پەقەت جىھاد ئارقىلىقلا قۇتۇلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتىدۇ. 1989 ـ يىلى مەخپىي ھالدا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى»نى قۇرۇپ چىقىدۇ ۋە جىھادقا تەييارلىق قىلىشقا باشلايدۇ...

بارىن جىھادى باشلىنىشتىن بىرەر ئاي بۇرۇن زەيدىن يۈسۈپ بىلەن سەپدىشى ئەزىز قۇربان بىر ئىش بىلەن كېتىۋاتقاندا، ئېزىز قۇربان ئالدىدا كېتىۋاتقان زەيدىن يۈسۈپنىڭ چاپىنىنىڭ كونىراپ نىمكەش بولۇپ قالغانلىقىنى، بولۇپمۇ پۇتىدىكى ئايىغىنىڭ بىرقانچە يېرىگە ياماق چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ چىدىماي، باھانە قىلىپ يول بويىدىكى بىر دۇكانغا باشلاپ كىرىپ زەيدىن يۈسۈپكە بىر ئۆتۈك ئېلىپ: «بۇ ئۆتۈكنى كىيىپ باقسىلا» دەيدۇ. ئۇنىڭ نىيىتىنى چۈشەنگەن زەيدىن يۈسۈپ:

ــــ بەتىنكەمنىڭ ئۆمرى مەندىن ئۇزۇن، ــــ دەيدۇ ۋە دۇكاندىن چىقىپ كېتىدۇ. ئارقىدىن يۈگۈرۈپ چىققان ئەزىز قۇربان خاپا بولۇپ:

ــــ زەيدىن قارى! سىلە نېمانداق كاج ئادەم؟ سىلى جامائەتكە ئىماملىق قىلىدىلا، بىز سىلىگە ئەگىشىۋاتىمىز، جامائەت سىلىگە ئىخلاس قىلىدۇ. سىلى كونا كىيىم بىلەن يۈرۈۋەرگەن بىلەن بىز خىجىل بولىدىكەنمىز. بىزگە پۇل بەرگەنلەر سوراپ قالسا نېمە دەيمىز؟ ــــ دەيدۇ ئاچچىقىنى باسالماي. زەيدىن يۈسۈپنىڭ كۆزلىرىدە مىننەتدارلىق نۇرى چاقنايدۇ ۋە:

ــــ ئىككى يىلدىن بېرى بارىننىڭ ئۆستەڭلىرىگە يېتەرلىك سۇ كەلمىگەنلىكىنى ھەممىمىز ئوبدان بىلىمىز. بىختۇەن[1] سۇنى توسۇۋالغاچقا ئېتىزلار ئاق قالدى، باغلار قۇرۇپ كەتتى. يېزىمىزدا يەيدىغان زاغرا[2] نان يوق ئۆلۈپ كېتىۋاتقان بوۋاقلار، ئاجىز ـ ئۇرۇقلارنىڭ جىنازا نامىزىنى ھەر كۈنى مەن چۈشۈرۈۋاتىمەن. ئەگەر سىلىدە پۇل بولسا

---

[1] خىتايچە سۆز بولۇپ، خىتاي ئارمىيىسى ئىچىدىكى بىر دەرىجىلىك تەشكىل. ئۇ بىرقانچە كورپۇس (خىتايچە 军 يەنى جۈن) ياكى دىۋىزىيىنى (师 يەنى شى) ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

[2] قوناق، تېرىق قاتارلىق قارا ئاشلىق ئۇنىدىن يېقىلغان نان.

ئاچ قالغانلارغا تارقىتىدىغانغا بىر ئاز نان ئېلىۋالايلى، — دەيدۇ ۋە ناۋاي ئىزدەپ مېڭىپ كېتىدۇ.

قوماندانىمىز زەيدىن يۈسۈپ ئېزىلگەن شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن بارىن جىھادىدا كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ باتۇرلارچە شەھىد بولدۇ. شەھىد بولغان ۋاقتىدا ئۇنىڭ يېنىدىكى سەپداشلىرىدىن ئەزىز قۇربان زەيدىن يۈسۈپ رەھىمەھۇللاھنىڭ قانغا مىلىنىپ كەتكەن جەسىتىنى قۇچىقىغا ئالغىنىدا، ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ ئايىغىغا كۆزى چۈشىدۇ.

مانا بۇ ئۇستازىمىز زەيدىن يۈسۈپنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ كىچىككىنە بىر كۆرۈنۈشى خالاس. ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىراس قىلىپ قالدۇرغان تەۋھىد ئامانىتىنى زايە قىلىۋەتمەستىن ئۆزىنىڭ قېنى ئارقىلىق بۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلىدى. ئۇ ساھابىلەر كەبى ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇشتا ياشىدى. ئۇ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ باتۇر، قورقماس ۋە تەۋەككۈلچى ئوغلانىدۇر. شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۇنىڭ بۇ ئۆچمەس تۆھپىلىرىنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايدۇ. ئاللاھ ئۇستازىمىز زەيدىن يۈسۈپنىڭ شاھادىتىنى قوبۇل قىلسۇن، ياتقان يېرىنى فىردەۋس جەننەتلىرىدە قىلسۇن!

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى ئۇنلۇك، راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار ھەمدە تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) زەيدىن يۈسۈپ كىم؟

2) زەيدىن يۈسۈپنىڭ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» نى قۇرۇپ چىقىشتىكى مەقسىتى نېمە؟

3) ئەزىز قۇربان زەيدىن يۈسۈپكە ئۆتۈك ئېلىپ بەرمەكچى بولغاندا، نېمە ئۈچۈن «بىتىنكەمنىڭ ئۆمرى مەندىن ئۇزۇن» دەيدۇ؟ بۇ سۆزنىڭ تېگىدە قانداق مەزمۇنلار يوشۇرۇنغان؟

4) زەيدىن يۈسۈپ نېمە ئۈچۈن سەپدىشىنىڭ ئۆتۈك ئېلىپ بېرىشىگە ئۇنىمىدى؟

2. تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى مۇۋاپىق سۆزلەر بىلەن تولدۇرۇڭلار.

1) زەيدىن يۈسۈپ رەھمەھۇللاھنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى (            ) ئىدى.

2) زەيدىن يۈسۈپ رەھمەھۇللاھ ئۇستاز (            ) دىن دەرس ئالغان.

3) زەيدىن يۈسۈپ ئاخىرى شەرقىي تۈركىستاننى پەقەت (            ) بىلەنلا ئىسلامىي ئازادلىققا ئېرىشتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن.

4) زەيدىن يۈسۈپ رەھمەھۇللاھ شەھىد بولۇپ كەتكەن چاغدا پۇتىدىكى ئاياغنىڭ بىرقانچە يېرىگە (      ) چۈشكەن ھالەتتە ئىدى.

3. تېكىستنىڭ ئالتىنچى ئابزاسىنى يادقا يېزىپ كېلىڭلار.

# ئاساسىي مەشق

**1.** تۆۋەندىكى «ھەپتە» تېمىلىق شېئىرنىڭ كۆپلىتلىرىنى رەتلەپ، راۋان بولغان شېئىرغا ئايلاندۇرۇڭلار.

پەيشەنبىدۇر تۆتىنچى،
جۈمە كېلەر كەينىدىن.
ئۆتسە يەنە بىر كېچە،
شەنبە كۈندۇر ھەم بىلگىن.

بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ،
كۈنلەر ئۆتەر بەس ـ بەستە.
ھەپتە بولار يەتتىسى،
تىزىلغاندەك گۈلدەستە.

كەلگەن تىزلا ئالدىراپ،
يەكشەنبىدۇر ئاخىرى.
تولۇق بولار بىر ھەپتە،
كېلىپ كەتسە ھەر بىرى.

ھەپتە بېشى دۈشەنبە،
ئىككىنچىسى سەيشەنبە.
كېلەر دەرھال ئۈلىشىپ،
ئۈچىنچىگە چارشەنبە.

2. تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ يادلىۋېلىڭلار ھەمدە ئۇنىڭدىكى پەزىلەتلەرنى ئۆزۈڭلارغا مۇجەسسەملەشكە تىرىشىڭلار.

مۇسۇلمان بالا — ھەر ۋاقىت ئىلىم ئالىدۇ. ھەر كۈنى كىتاب ئوقۇيدۇ، دەرس ئالىدۇ. قۇرئان سۈرىلىرىنى، زىكىر ـ دۇئالارنى يادلايدۇ. مەكتەپتە بەرگەن تاپشۇرۇقلارنى ياخشى ئۆزلەشتۈرىدۇ. مۇئەللىملىرىنى ھۆرمەت قىلىدۇ. بىلگەنلىرىنى باشقىلارغا ئۆگىتىدۇ.

مۇسۇلمان بالا — ھەممە ساھەدە: ئىمان، ئىلىم، ئىبادەت ... ئىشلىرىدا كۈچلۈك بولىدۇ. ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدىن باشقا يەنە ئەرەب تىلىنى پۇختا ئىگەللەشكە تىرىشىدۇ.

مۇسۇلمان بالا ئىسلامنى خەلق ئارىسىدا تارقىتىشقا ئۆز ھەسسىسىنى قوشىدۇ. ئىسلامنىڭ بىر قىسمىغىلا ئەمەس، ھەممىسىگە ئەمەل قىلىدۇ.

3. تۆۋەندىكى تېپىشماقنى تېپىپ بېقىڭلار.

جېنى يوق مەخلۇق،
ئۆزى تۆت پۇتلۇق.
گۆش ـ مايسىز ھەمدە،
شۇنچىلىك ئورۇق.

ئەمما سىزنى ئۇ،
كۆتۈرەر باشتا.
ئۆيدە، مەكتەپتە،
مەشغۇلات ۋاقتا.

سۈرتۈپ قويسىڭىز،
كۇپايە ئاڭا.
نان ـ چاي دېمەيدۇ،
دەپ بېرىك ماڭا.

4. تۆۋەندىكى رەسىمنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىڭلار ھەمدە ھەربىر پارچە رەسىمگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.



1) ________________________________________

____________________________________________

____________________________________________.



(2

.



(3

.



# بىر تۈپ دەرەخ

ئىككى ئادەم قازى ئىيازنىڭ ئالدىغا دەۋالاشقىلى كەپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىگە مال ئامانەت قويغان بولۇپ، ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئېيتقاندا، ئامانەت قويۇلغۇچى تېنىۋاپتۇ. ئىياز جاۋابكاردىن ئامانەت قويۇلغان مالنىڭ ئىشىنى سورىغاندا، ئىنكار قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەگەر ئۇنىڭ پاكتى بولسا كەلتۈرسۇن، بولمىسا ئۇنىڭ ماڭا قەسەمدىن باشقا ئاساسى يوق.

ئىياز دەۋاگەرنىڭ ئۆز مېلىنى قەسەم بىلەن يېيىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭغا قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

— مالنى قايسى ئورۇندا ئۇنىڭغا ئامانەت بەرگەن ئىدىڭ؟

— پالانى ئورۇندا.

— ئۇ يەردە نېمە بار ئىدى؟

— بىز ئاستىدا ئولتۇرغان چوڭ بىر تۈپ دەرەخ بار ئىدى، بىز ئۇنىڭ سايىسىدا بىللە تاماق يېگەن، قايتماقچى بولغاندا مالنى ئۇنىڭغا بەرگەن ئىدىم.

ئىياز ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— سەن ئاشۇ دەرەخ بار جايغا بارغىن، بەلكىم مالنى نەگە قويغانلىقىڭ ئېسىڭگە كېلىپ، نېمە قىلغانلىقىڭنى ئەسلىيەلەرسەن،

ئاندىن مىنىڭ يېنىمغا قايتىپ كېلىپ، كۆرگەنلىرىڭنى خەۋەر قىل.
ھېلىقى ئادەم ئۇ جايغا بېرىش ئۈچۈن يول ئاپتۇ. ئىياز جاۋابكارغا:
— ھەمراھىڭ كېلىپ بولغۇچە ئولتۇرۇپ تۇر، — دەپتۇ. ئۇ ئولتۇرۇپ ساقلاشقا باشلاپتۇ.
ئىياز ئالدىدىكى دەۋاگەرلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشقا باشلاپتۇ. ئۇ ھېلىقى ئادەمنى يوشۇرۇنچە كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقان ئىكەن. ئۇ جاۋابكارنىڭ خاتىرجەم بولۇپ ئارامغا چۈشكەنلىكىنى كۆرگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا ئالدىراپ مۇنداق دەپتۇ:
— سېنىڭچە ھەمراھىڭ مالنى ساڭا ئامانەت بەرگەن جايغا بېرىپ بولغانمىدۇ؟
ھېلىقى ئادەم ئويلانماستىنلا:
— ياق، ئۇ يەر بۇ يەردىن خېلىلا يىراق، — دەپ تاشلاپتۇ.
قازى ئىياز ئۇنىڭغا:
— ھۇ يالغانچى، مالنى ئالغانلىقىڭدىن تانسەن - يۇ، مالنى ئالغان ئورۇننى بىلىسەنا؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن خىيانەتكار ئىكەنسەن، — دەپتۇ.
ھېلىقى ئادەم چۆچۈپ كېتىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ خىيانىتىنى ئىقرار قىلىپتۇ. قازى ئۇنى مالنىڭ ئىگىسى كەلگەنگە قەدەر توختىتىپ قويۇپتۇ، ئاندىن مالنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇپتۇ...

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى ئۈنلۈك، راۋان ئوقۇڭلار ھەمدە تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) ئۇلار ئىككىسى نېمە سەۋەبتىن قازىنىڭ ئالدىغا باردى؟

2) ئەقىللىق قازى قانداق قىلىپ جاۋابكارنىڭ مالنى ئېلىپ تۇرۇپ، تېنىۋالغانلىقىنى بىلىۋالدى؟

2. تېكىستنى تەپسىلىي ھالدا قايتا بايان قىلىپ بېقىڭلار.

3. ئاخىرقى ئابزاسنى ئىملاغا دىققەت قىلغان ئاساستا يادقا يېزىڭلار.

4. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار ھەمدە ئۇ جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ قانداق مەنە ئىپادىلىگەنلىكىنى بىلىۋېلىڭلار.

ھېلىقى ئادەم ئۆزىنىڭ خىيانىتىنى ئىقرار قىلىپتۇ.

ھېلىقى ئادەم ئۆزىنىڭ خىيانىتىنى بويىنىغا ئاپتۇ.

ھېلىقى ئادەم ئۆزىنىڭ خىيانىتىنى تەن ئاپتۇ.

5. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

قازى، ئامانەت، تېنىۋالماق، جاۋابكار، دەۋاگەر، پاكىت، قەسەم، ھۆكۈم چىقىرىش، تانماق، خىيانەتكار.

6. روللارغا بۆلۈنۈپ، قازى، دەۋاگەر ۋە جاۋابكارنىڭ خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ ئوقۇشنى مەشق قىلىڭلار.



# پۇشايمان

خالىد باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 2 ـ يىلللىقىدا ئوقۇيتتى. ئۇ دەرسلەردە ئەلاچى بولسىمۇ، ئۇنىڭ چوڭ بىر ئەيىبى بار بولۇپ، دائىم كوچىدا كېتىۋاتقان ماشىنىنىڭ كەينىگە ئېسىلىپ ماڭاتتى. ئۇنىڭ بۇ ئەيىبىنى دادىسى ۋە مۇئەللىملىرىمۇ تولا دەپ ئوڭشىيالمىدى. بۇنداق سۆزلەر ئۇنىڭ ئوڭ قۇلىقىدىن كىرىپ، سول قۇلىقىدىن چىقىپ كېتەتتى.

قىش كۈنلىرىنىڭ بىرى، پۈتۈن جاھان ئاپپاق مامۇقتىن تون كىيگەن ئىدى. خالىد مەكتەپتىن قايتتى. ئۇنىڭ يۈزى سوغۇقتىن توغاچتەك قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. دادىسى ۋە مۇئەللىملەرنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان نەسىھىتى ئۇنىڭ يادىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنمىكىن ـ تاڭ! بىر ماشىنا كېلىۋىدى، خالىد يەنە ئۇ ماشىنىنىڭ ئارقىسىغا ئېسىلدى. ئۇ تازا خۇشال كېتىپ باراتتى. ئۇ ئۆيىگە يېقىنلىشىپ قالغاندا، دادىسىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى ـ دە، ماشىنىدىن قولىنى ئاجراتتى. بىراق، ئۇنىڭ قىشلىق چاپىنى كوزۇپكىنىڭ گىرۋىكىدىكى بىر ئىلمەك تۆمۈرگە ئىلىنىپ قالغان ئىدى. خالىد چاققانلىق بىلەن ماشىنىنى يەنە تۇتۇۋالدى. ئۇ چاپىنىنى چىقارماقچى بولۇپ خېلى ھەپىلەشكەن بولسىمۇ، پەقەتلا ئاجرىتالمايۋاتاتتى. قېرىشقاندەك ماشىنىمۇ ئىتتىكلەپ كەتتى. ئەمدى ئۇ ئۆزىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى.

ماشىنا چوڭ كوچىغا چىقتى ـ دە، تېخىمۇ ئىتتىك مېڭىشقا باشلىدى. ماشىنا بىر كاتاڭغا چۈشۈشى بىلەن خالىدنىڭ قولى

كوزوۋپتىن ئاجراپ كەتتى ۋە سۆرۈلۈپ قالدى. بۇنى كۆرگەن ئەتراپتىكى كىشىلەر: «سۇبھەنەللاھ... ماشىنىنى توختىتىڭ!» دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ماشىنا بىر كاتاڭدا قاتتىق جالاقشىۋىدى، خالىد «ۋايجان!» دەپلا ھوشىدىن كەتتى. ماشىنا ئاخىرى توختىدى. خالىدنىڭ پۇتىدىن شورۇلداپ ئاققان قاندا ئاپئاق قار بىردەمدىلا قىپقىزىل رەڭ ئالدى...

دوختۇرلارنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇشى نەتىجىسىدە، خالىد خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ بىر پۇتىدىن ئايرىلغان ئىدى.

## كۆنۈكمە

1. تېكستنى ئۈنلۈك، راۋان ئوقۇڭلار.

2. تۆۋەندىكىلەرنىڭ توغرا-خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىڭلار. توغرىسىغا «√» بەلگىسى، خاتاسىغا «×» بەلگىسى قويۇڭلار.

1) خالىد دەرستە ناچار ئوقۇغۇچى بولۇپلا قالماي، دادىسى ۋە مۇئەللىملەرنىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلىمايتتى. (        )

2) خالىد ئۆيىگە يېقىنلىشىپ قېلىپ چۈشۈپ قالماقچى بولغاندا، چاپىنى ماشىنىنىڭ كوزوۋپكىسىغا ئىلىنىشىپ قالدى. (        )

3) ماشىنا بىرىنچى كاتاڭغا چۈشۈشى بىلەنلا خالىدنىڭ قولى ماشىنىدىن ئاجراپ سۆرۈلۈپ قالدى ۋە ھوشىدىن كەتتى. (        )

4) خالىد بۇ قېتىملىق ھادىسىدە بىر قولىدىن ئايرىلدى. (        )

3. سىلەر بۇ ھېكايىدىن نېمىنى چۈشەندىڭلار؟

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ھەربىرىگە ئىككىدىن جۈملە تۈزۈڭلار.

ئوڭ قۇلاقتىن كىرىپ سول قۇلاقتىن چىقىپ كەتمەك، يادىدىن كۆتۈرۈلمەك، چاقچاقلىق بىلەن، قىرىشقاندەك.



# قۇشلار

كۆنلەرنىڭ بىرىدە بىر ئوۋچى تور يېيىپ ئولتۇرۇپتۇ. تورنىڭ ئىچىدىكى يەملەرگە ئالدانغان بىر توپ قۇش تورغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئوۋچى تورنى يىغاي دەپ كېلىشىگىلا، قۇشلار تورنى كۆتۈرگەن پېتى پىررىدە ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

قۇشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر نىيەت بىر مەقسەتتە كۈچىنى يىغىپ، ئوخشاش بىر نىشانغا قاراپ تورنىمۇ كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ كەتكىنىگە ھەيران قالغان ئوۋچى قۇشلارنى پايلاپ مېڭىپتۇ. يولدا ئوۋچىغا ئۇچرىغان بىر كىشى:

— بۇنچە ئالدىراش نەگە ماڭدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئوۋچى ئۇچۇپ كەتكەن قۇشلارنى كۆرسىتىپ، شۇلارنى تۇتۇشقا ماڭغانلىقىنى ئېيتىپتىكەن، ئۇ كىشى كۈلۈپ:

— ئاللاھ ساڭا ئەقىل بەرگەي! ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارنى تۇتىمەن دەپ ئەقلىڭدىن ئاداشمىغانسەن؟ — دەپتۇ. ئوۋچى:

— شۇنداق! توردا بىر قۇش بولسا ئىدى، ئارقىسىدىن قوغلاپ تۇتالمايتتىم، ئەمما قاراپ تۇر، بۇلارنى تۇتۇۋالىمەن، — دەپتۇ.

دېگەندەك، كەچ كىرىپ گۇگۇم چۈشۈشكە باشلىغاندا قۇشلارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئۇۋىسىغا كېتىشنى ئويلاپتۇ. بەزىسى تورنى ئورمانلىققا تارتىپتۇ، بەزىسى تاغقا، بەزىسى كۆلگە، يەنە بەزىسى چاتقاللىقلارغا...

ھېچقايسىسى بىر-بىرى بىلەن ماسلىشالماي تور بىلەن بىللە

پوككىدە يەرگە چۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆۋچى كېلىپلا ئۇلارنى تۇتۇۋاپتۇ.

ھەدىس شەرىف:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ـ بىرىڭلاردىن ئايرىلماڭلار، چۈنكى پادىدىن ئايرىلىپ قالغان قوي بۆرىگە يەم بولىدۇ». (نەسائى توپلىغان)

ماقال:

ئايرىلغاننى ئېيىق يەر،
بۆلۈنگەننى بۆرە (يەر).

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى ئۈنلۈك، راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.
2. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) ئۆۋچى نېمىشقا تور يېيىپ ئولتۇردى؟

2) يولدىكى كىشى ئۆۋچىغا نېمە ئۈچۈن «ئاللاھ ساڭا ئەقىل بەرگەي! ئەقلىڭدىن ئاداشمىغانسەن؟» دەيدۇ؟

3) ئۆۋچى قۇشلارنى قانداق قىلىپ تۇتۇۋالدى؟

3. سىز بۇ ھېكايىدىن قانداق تەسىراتقا ئىگە بولدىڭىز؟
4. تېكىستنى تەپسىلىي ھالدا قايتا بايان قىلىپ بېرىڭلار. سۆزلىگەندە تىلىڭلار راۋان، سۆز ـ جۈملىلەر بىر ـ بىرىگە باغلاشقان بولسۇن.
5. تېكىستنىڭ ئاخىرىدىكى ھەدىس ۋە ماقاللارنى چىرايلىق يادقا يېزىڭلار.



# قار ياغدى

قار ياغدى، ياق! قار ئەمەس،
ياغدى يەرنىڭ قايمىقى.
ئېتىز، دالا، تاغ، ئورمان،
يېپىندى غاز مامۇقى.

قۇرت ـ قوڭغۇز، زىرائەت،
كەتتى شېرىن ئۇيقۇغا.
ئەمما ئۇسمۇر باللار،
چۆمدى خۇشال تۇيغۇغا.

ئېتىزلىقتا، يوللاردا،
چۈشتى قىزىق ئويۇنغا.
قار ئېتىشتى، قار تىقتى،
بىر ـ بىرىنىڭ بويىنغا.

بۇنى كۆرگەن چوڭلار ھەم،
ھەۋەس بىلەن قاراشتى.
پىكىرلىشىپ بەزىدە،
گۆدەك چاغنى ئەسلەشتى.

چۈنكى بىر چاغ ئۇلارمۇ،
بۇ ئويۇنغا قاتناشقان.
ئۆتۈپ يىللار قار ئويۇن،
بالىلارغا ئالماشقان.

دەيدۇ شۇڭا ئاق چاچلار:
ئوينا ئىجىل بالىلار.
قايغۇسى يوق، دىلى شاد،
مەڭزى قىزىل ئالمىلار.

## كۆنۈكمە

1. شېئىرنى راۋان دېكلاماتسىيە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار.
2. شېئىردا قار نېمىلەرگە ئوخشىتىلغان؟
3. ئاخىرقى كۇپلېتتىكى ئاق چاچلار كىملەرنى كۆرسىتىدۇ؟ قىزىل ئالمىلارچۇ؟
4. سىزمۇ قار ياغقان ۋاقىتتا، بالىلار بىلەن قار ئويۇنلىرىنى ئويناپ باققانمۇ؟ سىز يەنە قانداق قار ئويۇنلىرىنى بىلىسىز؟
5. شېئىرنى بىر پارچە ئەسەرگە ئايلاندۇرۇپ يېزىڭلار.

# ئاساسىي مەشق

1. تۆۋەندىكى ھەر بىر گۇرۇپپىدىكى ئىككى جۈملىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇڭلار، ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ ئۇ جۈملىلەردە قانداق مەنە ئىپادىلىگەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

تاھىرنىڭ مەكتەپكە كىرگىنىگىمۇ بىر يىل بولۇپ قالغاندى.

تاھىرنىڭ مەكتەپكە كىرگىنىگىمۇ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بىر يىل بولۇپ قالغاندى.

قۇشلار تورنى كۆتۈرگەن پېتى ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

قۇشلار تورنى كۆتۈرگەن پېتى پىرىردە ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

سەھەردە چىققان شاماللار بۇلۇتلارنى ئېلىپ كەتتى.

سەھەردىكى غۇر ـ غۇر شاماللار بۇلۇتلارنى ئېلىپ كەتتى.

قەيسەر ئىرادە دۇنيادىكى ھەرقانداق چوققىنى بويسۇندۇرالايدۇ، سىلەر قەيسەر ئىرادىلىك بولساڭلار ئارزۇيۇڭلارغا چوقۇم يېتەلەيسىلەر، ئىنشائاللاھ!

قەيسەر ئىرادە دۇنيادىكى ھەرقانداق ئېگىز ـ ئېگىز چوققىلارنىمۇ بويسۇندۇرالايدۇ، سىلەر قەيسەر ئىرادىلىك بولساڭلار، كاتتا ـ كاتتا ئارزۇيۇڭلارغا چوقۇم يېتەلەيسىلەر، ئىنشائاللاھ!

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلىپ ئوقۇشنى ۋە يېزىشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار.

دەۋالىشىش، دەۋاگەرلەر، خىيانەتكار، قانائەتچانلىق، مەغرۇرلۇقى،

ھەپىلىشىش، تەقدىرنامە، چاتقاللىقلار، پىكىرلىشىش.

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قارىمۇقارشى مەنىسىنى يېزىڭلار.

| | |
|---|---|
| جاۋابكار | ئاستىدا |
| ئولتۇرۇش | يوشۇرۇنچە |
| ئالدىراپ | لاياقەتلىك |
| ئەلاچى | قىش |

4. بوش ئورۇنلارغا مۇۋاپىق سۆز قويۇپ، تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى راۋان جۈملىلەرگە ئايلاندۇرۇڭلار.

1) ... بارىن جىھادىدا شەھىد بولۇپ كەتتى.

2) ... سىنىپتا ئەستايىدىل دەرس ئاڭلاۋاتىدۇ.

3) ... بىزنىڭ ئانا ماكانىمىز.

4) خىتاي كاپىرلىرى ...

5) ئوقۇتقۇچىلار ...

5. تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنى تېپىڭلار.

ئاستىن ـ ئۈستۈن ئىككى چىشلىق،

كالپۇكى يوق پەقەتلا.

يەلكىسىدە يالغۇز قانات،

ئۈچىيى يوق قورساقتا.

شۇڭلاشقىمۇ ئىشتىھاسى،
تارتماس ئۇنىڭ تاماققا.
ئويلاپ باققىن، جان ئاداش،
ئۆچتۇر ئۆسكەن تىرناققا.

6. تۆۋەندىكى ماقال ـ تەمسىللەرنى چىرايلىق قىلىپ كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس.

ئاقىلغا ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز.

پۇل تاپقىچە، ئەقىل تاپ.

ياغاچنى رەندە تۈزەيدۇ،
ئادەمنى تەربىيە (تۈزەيدۇ).



# باھار كەلدى

باھار كەلدى.

تاڭ سەھەردە ئۇپۇقنىڭ سۇس قىزىل رەڭگە كىرىشى بىلەن ئۆچۈش ئالدىدا تۇرغان يۇلتۇزلارغا؛ باھار كېلىشى بىلەن تەڭ يېشىل لىباسقا ئورالغان گۈزەل تاغلارغا؛ چېچەكلەرگە پۈركەنگەن باغلارغا زوقمەنلىك بىلەن باقتىم. تاڭ ئەلچىسى بولغان تورغاي كۆككە كۆتۈرۈلۈپ، بار ئاۋازى بىلەن سايراپ ئاللاھ تائالاغا ھەمدە ئېيتماقتا ئىدى.

قۇياش ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلدى. ئۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئىللىق نۇرى بىلەن زېمىنغا چاچماقتا ئىدى. مەن مانا شۇ گۈزەل سەھەردە مەكتىپىمگە قاراپ يول ئالدىم.

ئىللىق ھاۋا، مەيىن شامال يۈزلىرىمنى سۆيمەكتە ئىدى. يېشىللىققا پۈركەنگەن تاغ-دالا، ئېتىز-قىرلار قەلبىمنى چەكسىز سۆيۈندۈردى ۋە ئىختىيارسىز ھالدا «ماشائاللاھ!» دەپ سالدىم. نېمىشقا دەمسىز دوستۇم؟ ئەجەبا بۇ زېمىنلار بىرقانچە ئاي بۇرۇن قاقاسلىق ئەمەسمىتى؟ ئاللاھ ئۇلارغا يەنە بىر قېتىم يېڭى بىر ھاياتلىق ئاتا قىلىپ، شۇ قاقاس زېمىندىن ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بەرمىدىمۇ؟ بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغ مۆجىزىلىرىدىن بىرى تۇرسا، مەن قانداقمۇ ھەيران قالماي تۇرالايمەن؟!





قاراڭ، قىشتىن بېرى يالىڭاچلىنىپ قالغان ئۆرۈك دەرىخى باھار كېلىشى بىلەن نېمانچە گۈزەل بېزەنگەن!؟ بار ئاۋازى بىلەن چۇڭقۇلداۋاتقان قارلىغاچلار ۋە تورلۇك-تۈمەن قۇشلارغا قاراڭ! ئۇلار ھەم خۇددى رەببىمىز ئاللاھ تائالاغا ھەمدە ئېيتىۋاتقاندەك قىلاتتى. سۇبھانەللاھ، تەبىئەتنىڭ رەببى ئاللاھ پاكتۇر!

مەن ئىختىيارسىز ھالدا رەببىمگە ئىلتىجا قىلدىم: «ئەي ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرگۈچى زات، ئەي ئالەملەرنىڭ رەببى! مېنى ۋە ماڭا ئوخشىغان سانسىزلىغان سەبىيلەرنى توغرا يولغا باشلىغىن، ‹يىلنىڭ بېشى باھاردىن، ئىشنىڭ بېشى سەھەردىن› دېگەندەك، بىزلەرنىڭ بۇ كۈنىمىزنى خەيرلىك قىلىپ بەرگىن!».

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى ئۈنلۈك، راۋان ۋە ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.
2. باھارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى قايسى تەرەپلەردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ؟ قىش بىلەن باھارنىڭ قانداق ئوخشىماسلىقلىرى بار؟
3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ماس كېلىدىغانلىرىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇڭلار.

| | |
|---|---|
| ئىللىق | ئېھتىماق |
| ھەمدە | پاكىتۇر |
| ئاللاھ | شامال |

4. باھاردىكى ئۆزگىرىشلەردىن ئاللاھنىڭ قايسى سۈپەتلىرىنى بىلىۋالالايمىز؟
5. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە ئىككىدىن جۈملە تۈزۈڭلار.
ئاستا ـ ئاستا، مەيىن شامال، قانداقمۇ، تۇرلۇك ـ تۈمەن.
6. تېكىستنىڭ ئاخىرقى ئابزاسىنى يادلىۋېلىڭلار.

# باھار كەلدى



قىش پەسلىنى ئۇزىتىپ،
قار ـ مۇزلارنى ئېرىتىپ.
يەر ـ جاھاننى ئىلىلىتىپ،
باھار كەلدى زېمىنغا.



جانىۋارلار مىدىرلاپ،
قارلىغاچلار ۋىچىرلاپ،
مايسىلارمۇ پىچىرلاپ،
باھار كەلدى زېمىنغا.



ئېچىلىپ گۈل ـ چېچەكلەر،
تەڭگە بولۇپ تېرەكلەر،
جەۋلان قىلىپ لەگلەكلەر،
باھار كەلدى زېمىنغا.



سۇغا تولۇپ ئېرىقلار،
پىلتىلدىپ ئېتىپ بېلىقلار،
كۆكىرىپ تال ـ چىۋىقلار...
باھار كەلدى زېمىنغا.



پاقا ـ قۇمچاق كۇركىراپ،
ئىللىق شامال غۇرقىراپ،
چاقپەلەكلەر پىرقىراپ،
باھار كەلدى زېمىنغا.



كىيىپ يېشىل چاپانىنى،
ئىشقا چىللاپ جاھانىنى،
جانلاندۇرۇپ ھەر يانىنى...
باھار كەلدى زېمىنغا.



كېلىڭ دوستلار ئوينايلى،
دەريا بويى بويلايلى،
ئۇنلۇك تەكبىر توۋلايلى،
باھار كەلدى زېمىنغا.

## كۆنۈكمە

1. شېئىرنى جانلىق دېكلاماتسىيە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار.
2. قارلىغاچنىڭ ۋىچىرلىشى بىلەن باھار پەسلىنىڭ قانداق باغلىنىشلىقى بار؟ لەگلەكلەرنىڭچۇ؟
3. بىر يىلدا قانچە پەسىل بار؟ سىز قايسى پەسىلنى ياخشى كۆرىسىز؟
4. سىز ئەتىياز پەسلىدە دوستلىرىڭىز بىلەن قايسى ئويۇنلارنى ئويناپ باققان؟



# ئەھمىيەتلىك دەم ئېلىش كۈنى

بۈگۈن ئەھمەدنىڭ دەم ئېلىش كۈنى ئىدى. ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق بولۇپ، كۈلۈمسىرىگىنىچە كۆتۈرۈلگەن قۇياش ئىللىق نۇرلىرىنى سېخىيلىق بىلەن زېمىنغا چاچماقتا ئىدى. خالىد ئاكا سۇپىدا ئولتۇرۇپ ھويلىغا كۆز يۈگۈرتكەچ بىر نېمىلەرنى ئويلاۋاتاتتى. ئۇ تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئوغلى ئەھمەدنى چاقىردى:

— ئەھمەد! ھوي ئەھمەد! بۇياققا چىققىنە ئوغلۇم!

دوستلىرى بىلەن ئوينىغىلى چىقىشنى ئويلاۋاتقان ئەھمەد دادىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ خۇشياقمىغان ھالدا:

— نېمە بولدى دادا! — دەپ ئۆيدىن چىقتى. دادىسى:

— سەن گۈرجەك بىلە كەتمەننى ئېلىپ، ئاۋۇ يەرنى كولاپ، بوشاتقىن بالام. ئۇ يەرگە ئەنجۈر تىكەيلى، — دەپ، ھويلىنىڭ سول تەرىپىدىكى بوش يەرنى كۆرسەتتى. ئەھمەد بۈگۈنكى «ئويناش» خىيالىنىڭ بەربات بولغانلىقىغا ئەپسۇسلانغان ھالدا ئېرىنچەكلىك بىلەن قولىغا گۈرجەكنى ئېلىپ كۆرسەتكەن يەرنى كولاشقا باشلىدى. ئۇ بىردەم كولىغاندىن كېيىن بوشىتىلغان توپىلارنى ئېلىشقا تۇتۇندى.

ئۇ توپىلارنى ئېلىۋېتىپ، ئالدىراش مېڭىپ يۈرگەن نۇرغۇن چۈمۈلىلەرنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، كۆڭلىدە: «چۈمۈلىلەر ئۇۋىسىنى

بۇزۇپ تاشلىدىمۇ نېمە؟» دەپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، سەپسېلىپ قارىغان ئىدى، ۋاھ! ئاجايىب چوڭ ۋە گۈزەل سېلىنغان چۈمۈلىلەر ئوردىسىنى كۆردى.



بۇ ئوردا شۇنچىلىك ئۇستىلىق بىلەن سېلىنغانكى، ھەربىر تۈۋرۈكنىڭ تومۇقى، ئېگىزلىكى، رەتلىكلىكى، ھەرخىل بۆلۈملەرنىڭ كىرىش-چىقىش ئېغىزلىرى، ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە يوغان نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ سەپ تارتىپ كېتىۋاتقان چۈمۈلىلەر قوشۇنى ئادەمنى ھەيرانۇ-ھەس قالدۇرۇپ، چۆچەكلەردىكى پادىشاھلار ئوردىسىنى ۋە ئوردىدا ئىشلەۋاتقان خىزمەتچىلەرنى ئەسلىتەتتى.



ئەھمەد تېخىمۇ قىزىقسىنغان ھالدا چۈمۈلىلەر دۇنياسىنى كۆزىتىشكە باشلىدى. شۇ ئەسنادا ھويلىغا چىققان خالىد ئاكا ئەھمەدنىڭ ئىشلىمەي يەرگە قاراپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ:

— ئەھمەد، ئىشلىمەي ئولتۇرۇپ كېتىپسەنغۇ!؟ — دەپ سورىغانىدى، ئەھمەد:

— دادا! قاراڭە! چۈمۈلىلەر كىچىك بولغان بىلەن بەك ئەقىللىق ھەم كۈچلۈك ئىكەن، ئۇلار ئاجايىپ گۈزەل بىر ئۇردا ساپتۇ. ئۇلارغا بۇنداق مۇرەككەپ بىناكارلىق ماھارىتىنى كىم ئۆگەتكەندۇ؟ بۇ ئۇلارغا نەدىن كەلگەن ئەقىلدۇ؟ — دەپ، ئەقلى يەتمەي دادىسىغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى. دادىسى ئەھمەدكە تەۋھىد ۋە ئىماننى چۈشەندۈرۈشنىڭ ياخشى پۇرسىتى كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— ئوغلۇم، چۈمۈلىلەردىكى بۇ ماھارەت ھەرگىزمۇ چۈمۈلىلەرنىڭ ئەقىللىقلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇلارغا بېرىلگەن بىر ئىلھامدۇر. چۈمۈلىلەرنىڭ بۇ ماھارىتىلا ئەمەس، بەلكى جانلىقلارنىڭ ۋە پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنىڭ مۇكەممەللىكى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىك ۋە بارلىقى ھەمدە بۈيۈك قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان روشەن ئالامەتلەردۇر.

ئەقىللىق ئوغلۇم! پۈتكۈل ئالەم ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە مەۋجۇداتلار ھەرگىزمۇ بىكار يارىتىلمىغاندۇر. ئاللاھ تائالا مۇبارەك قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار [190]. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ:) <پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ، سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن> [191]»[1].

ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ قىلغان ھەربىر سۆز ۋە ئىش-ھەرىكىتىنى

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 190 ـ ۋە 191 ـ ئايەتلەر.

# ئالتىنچى بۆلەك

بىلىپ تۇردۇ، ئاللاھ ھەممىنى ياخشى بىلگۈچىدۇر. شۇڭا، ئاللاھقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي بويسۇنۇش بىز ئىنسانلارنىڭ بۇرچى ۋە ۋەزىپىسى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئەھمەدنىڭ كاللىسى يورۇپ، چىرايىدا مەمنۇنلۇق ۋە خۇشاللىق ئەكس ئەتتى. بۈگۈن ئەھمەد ئۈچۈن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر كۈن بولغان ئىدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ھەسەل ھەرىسى، كېپىنەك، مۈشۈك، ئىت، قوي، بېلىق... ئىشقىلىپ نېمىنى كۆرسە قىزىقىدىغان، تەپەككۇر قىلىدىغان ۋە ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىكى مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ ئىمانىنى كۈچەيتىدىغان بولدى.

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى راۋان، توغرا ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.
2. سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار.

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| گۈزەل | ← | ئەقىللىق | ← | چىرايلىق | ← |
| كىچىك | ← | ئېگىز | ← | خۇشال | ← |

3. تۆۋەندىكى سۆزگە جۈملە تۈزۈڭلار.

... بەزىلىرى ... بەزىلىرى ...

ھەيرانۇ ـ ھەس قالماق.

4. سىز بۇ جۈملىلەردىن قانداق تەسىرات ئالدىڭىز؟
5. سۈرە ئال ئىمراننىڭ 190 ـ ۋە 191 ـ ئايەتلىرىنى يادلىۋېلىڭلار.




# هۆججەت

هۆججەت دېگىنىمىز سېتىش ـ سېتىۋېلىش، ئامانەت قويۇش، تاپشۇرۇۋېلىش، ئارىيەتكە بېرىش، توختاملىشىش، ئىجارىگە ئېلىش قاتارلىق مۇناسىۋەتلەرنى ئىپادىلەيدىغان يازما ئىسپات، تالون، باغاقچە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

هۆججەتكە ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ۋە سالام يوللاپ بولغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ھۆججەتلىشىدىغان ئىككى تەرەپنىڭ ئىسمى يېزىلىدۇ، كېيىن ھۆججەتلەشمەكچى بولغان ئىش ۋە نەرسىلەرنىڭ سانى، سۈپىتى، شەكلى، چوڭ ـ كىچىكلىكى، ھەجمى ۋە ئېغىرلىقى... قاتارلىق تەپسىلاتلار كونكرېت، سەمىمي ۋە ئەستايىدىل يېزىلىدۇ، ئاندىن ھۆججەتنىڭ مۇددىتى ۋە تەرەپلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى تەپسىلي يېزىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا گۇۋاھچىلار، ئورۇن ۋە ۋاقىت ئەسكەرتىپ يېزىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھۆججەت ئىسلام دىنىمىزغا خىلاپ كېلىدىغان ھېچقانداق شەرت ۋە مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالماسلىقى كېرەك.

تۆۋەندە ئۈلگە سۈپىتىدە بىر پارچە ھۆججەت بېرىلدى.

بسم الله الرحمن الرحيم

## ھۆججەت

جىمى ھەمدۇ-سانا يەككە-يېگانە، بىر ئاللاھقا خاستۇر، دۇرۇت ۋە سالاملار ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرگە بولسۇن!

قەرز بەرگۈچى: ئابدۇللاھ ئەھمەد
قەرز ئالغۇچى: ئىلھام ئەلى

مەن ھۆججەت بەرگۈچى قەشقەر شەھىرى شامالباغ يېزىسى 3- كەنت 4- مەھەللىدىن ئىلھام. مەن 2020- يىلى 1- ئاينىڭ 7- كۈنى قەشقەر شەھىرى شامالباغ يېزىسى 3- كەنت 7- مەھەللىدىكى ئابدۇللاھتىن 5000 سوم (بەش مىڭ سوم) نەق پۇل قەرز ئالدىم، بۇ پۇلنى 2021- يىلى 1- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن بۇرۇن ئابدۇللاھقا قايتۇرۇپ بېرىمەن.

گۇۋاھچىلار: فارۇق ئۆمەر، ئابدۇلئەزىز ياسىن
ئورۇن: قەشقەر شەھىرى شامالباغ يېزا 3- كەنت 7- مەھەللە
ۋاقىت: 2020- يىلى 1- ئاينىڭ 7- كۈنى

### كۆنۈكمە

1. ھۆججەت دېگەن نېمە؟
2. بىر پارچىدىن ھۆججەت يېزىڭلار.

# ئاساسىي مەشق

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ھەمدە توغرا ئوقۇشنى ۋە يېزىشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار.

تورغاي، چۈشۈلداش، خەيرلىك، جان ـ جانىۋارلار، كۈركىراش.

2. «باھار» دېگەن تېكستتە «قاراڭ» دېگەن سۆز قايسى جايلاردا ئىشلىتىلگەن؟ شۇنىڭغا ئوخشىتىپ ئىككى جۈملە تۈزۈڭلار.

3. تۆۋەندىكى شېئىرنى يادلىۋېلىڭلار.

باغقا گۈللەر تېرىدىم،
تۆكۈپ كۆمۈش تەرىمنى.
گۈل ـ چېچەككە پۈركەيمەن،
بۈك ـ باراقسان بېغىمنى.

گۈل بېغىمغا قۇياشنىڭ،
ئالتۇن نۇرى چېچىلار.
پەرۋىش تېپىپ گۈللىرىم،
گۈزەل، كۆركەم ئېچىلار.

دەستە تۈزۈپ شۇ گۈلدىن،
ئۇستازىمغا تۇتىمەن.
دىن ھەم پەننى ئۆگىنىپ،
بەيگىلەردە ئۇتىمەن.

4. باللارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان تۆۋەندىكى يامان ئادەتلەردىن ساقلىنىڭ.

1) ئۇخلىغاندا بېشنى چۈمكىۋېلىش.

2) ئارام كۈنلىرى ھۆرۈنلۈق قىلىپ تاماقمۇ يېمەي ئۇخلاش.

3) دائىم چىشىنى مىسۋاكلىماسلىق ياكى چىشىنى كۈندە ئىككى قېتىم چوتكىلىماسلىق.

4) تاماق ۋە باشقا قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى تاللاش.

5) تاماقتىن بۇرۇن قولىنى يۇماسلىق، مەينەت قولى بىلەن يېمەكلىكلەرنى يېيىش.

6) قولىنى چىشلەپ يۈرۈش.

7) داۋاملىق قولاق ۋە بۇرۇننى كوچىلاش.

8) تاپشۇرۇق ئىشلىگەندە تۈز ئولتۇرماسلىق.

9) يۇيۇنماسلىق.

# ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير

سۆيۈملۈك دوستلار، ھەممىگە قادىر ئاللاھ بىزنى يوقلۇقتىن بار قىلدى. ئاللاھ بەكمۇ مېھرىبان بولغاچقا، بىزنى يارىتىپ بولۇپلا ئۆز ھالىمىزغا تاشلاپ قويماستىن، بىزگە يەنە بىز ساناپمۇ بولالمايدىغان دەرىجىدىكى چەكسىز نېئمەتلىرىنى ئاتا قىلدى. بىز ئەنە شۇ نېئمەتلەر دېڭىزىدا خۇددى بېلىق سۇدا ئۈزۈپ يۈرگەندەك ئىنتايىن ئەركىن ھالدا ئۈزۈپ يۈرمەكتىمىز. بېلىق سۇسىز ياشىيالمىغاندەك، بىزمۇ ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىسىز بىر دەقىقىمۇ ياشىيالمايمىز. لېكىن ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟ ئاللاھ بىزگە شۇنچە كاتتا نېئمەتلىرىنى ئاتا قىلغان تۇرسا، بىز ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلماي يەنە قانداقمۇ ياشىيالايمىز؟!

بۈگۈن بىز ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان نېئمەتلەرنى ھەقىقىي تونۇغان ۋە نېئمەتكە شۈكۈر قىلىشتا شانلىق ئابىدە تىكلىگەن بۈيۈك بىر ئىنسان بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز. مېنىڭچە سىلەرمۇ چوقۇم بۇ كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلىشكە بەك قىزىقىۋاتىسىلەرغۇ دەيمەن. قېنى ئەمىسە بۇ كىشى بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى.

بۇ پەزىلەتلىك كىشىنىڭ ئىسمى ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير. ئۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ خەلىپىلىكى ئاخىرلىشىشتىن بىر يىل بۇرۇن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئېسىل ۋە مەرتىۋىلىك بىر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئانىسى — ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسما، ئاتا

تەرەپ بوۋىسى — پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غارىدىكى ھەمراھى ۋە تۇنجى خەلىپىسى ئەبۇ بەكرى سىددىق، دادا تەرەپ مومىسى — پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھامىمىسى سەفىيە، ھامىمىسى — مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) ئىدى.

ئۇرۋە ئىلىم ئۆگىنىشكە ئىنتايىن ھېرىسمەن ۋە تىرىشچان بولۇپ، ساھابىلەردىن ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى (ھامىمىسى) ئائىشەدىنمۇ نۇرغۇن بىلىم ئېلىپ، ئۆز دەۋرىدىكى مۇسۇلمانلار دىن ئىشىدا تايىنىدىغان يەتتە نەپەر كاتتا ئالىمنىڭ بىرىگە ئايلانغانىدى.

ئۇرۋە ئىلىم ئۆگىنىپلا قالماستىن، ئىلىم بىلەن ئەمەلنى بىرلەشتۈرگەن ئىبادەتكار ۋە شۈكۈر قىلغۇچى كىشى ئىدى. ئۇ يازنىڭ ئۇزۇن تومۇز ئىسسىق كۈنلىرىدىمۇ كۆپ روزا تۇتاتتى، كېچىلىرى كۆپ ناماز ئوقۇيتتى، تىلى دائىم ئاللاھنى زىكىر قىلىش بىلەن ھۆل تۇراتتى. ئۇ ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئۆزىگە سىرداش ھەمراھ قىلغان بولۇپ، ھەر كۈنى كۈندۈزى قۇرئاننىڭ تۆتتىن بىرىنى ئوقۇيتتى، كېچىسى قالغان قىسمىنى يادقا تىلاۋەت قىلاتتى، ئۇ تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ ئىبادەتنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرغان بولۇپ، پەقەت بىر قېتىملا قىلالمىغان ئىدى.

بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق بولغانىدى: مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى ئۇنى دەمەشىقكە ھۇزۇرىغا چاقىرتتى. ئۇ چوڭ ئوغلى بىلەن بىللە خەلىپىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، خەلىپە ئۇنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى ئىززەت-ئىكرام كۆرسەتتى. ئەمما، دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ نېئمەتلىرىگە شۈكۈر قىلغۇچى ۋە بالا-مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلغۇچى كىشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا پەقەت تەقۋالىق بىلەن بېزەلگەن قەلب ئىگىلىرى ۋە يۈكسەك دەرىجىدىكى شۈكۈرچان بەندىلەرلا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئېغىر بىر سىناقنى بەردى.

ئۇنىڭ ئوغلى ئېتنى باغلاش ئۈچۈن خەلىپىنىڭ ئاتخانىسىغا كىرگەندە، ئات ئۇنى ئەجەللىك بىرنى تەپتى-دە، ئۇ ھاياتىدىن ئايرىلدى. ئوغلىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈمىدىن مۇسىبەتلەنگەن ئۇرۋە ئوغلىنى ئەمدىلا يەرلىككە قويۇپ تۇرۇشىغا پۇتىغا كېسەل تېگىپ، پۇتى ئىششىپ، ئىششىق تېزلا كېڭىيىپ كەتتى. خەلىپە بۇ ئەزىز مېھمىنى ئۈچۈن ھەرقايسى جايلاردىن دوختۇر چاقىرتتى. ئەمما، دوختۇرلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بىر پۇتىنى كېسىۋەتمىسە، ئىششىقنىڭ پۈتۈن بەدەنگە تارقىلىپ، ئۇنىڭ جېنىنى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

دوختۇر ئۇنىڭ پۇتىنى كېسىش ئۈچۈن گۆش يارىدىغان ئۇستۇرا بىلەن ھەرىنى ئېلىپ كېلىپ، ھېچقانداق مەست قىلغۇچى دورا ئىشلەتمەستىن ئۇستۇرا بىلەن گۆشنى ياردى-دە، سۆڭەككە يەتكەندە ھەرە بىلەن ھەرىدەشكە باشلىدى. دوختۇر ھەربىر ھەرىدىگەندە، ئۇرۋە تەكبىر توۋلايتتى، تەھلىل ئوقۇيتتى... ئاخىرى ئۇنىڭ پۇتى كېسىلدى. ئەمما، قاننى توختىتىش ۋە جاراھەتنى پىشۇرۇۋېتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ پۇتى قازاندىكى پورۇقلاپ قايناۋاتقان ياغقا تىقىلدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇرۋە قاتتىق ئاغرىق دەستىدىن ئۇزاق ۋاقىت ھوشىدىن كەتتى. مانا مۇشۇ ئىش سەۋەبلىك ئۇ پۈتۈن ھاياتىدا ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىبادىتىنى بىر قېتىملا قىلالماي قالغان ئىدى.

ئۇرۋە بىر ئوغلى ۋە بىر پۇتىدىن ئايرىلغان ھالدا ئۆيىگە ئېلىپ كېلىنگەندە دېگەن تۇنجى گېپى مۇنداق بولدى: «كۆرگىنىڭلاردىن ئەجەبلەنمەڭلار! ئاللاھقا چەكسىز شۈكرىلەر بولسۇنكى، ئاللاھ ماڭا تۆت ئوغۇل بەردى، ئاندىن ئۇلاردىن پەقەت بىرىنى ئېلىپ كەتتى؛ ئاللاھقا چەكسىز شۈكرىلەر بولسۇنكى، ئاللاھ ماڭا ساغلام ئىككى قول ۋە ئىككى پۇت بەردى، ئاندىن ئۇلاردىن پەقەت بىرىنىلا ئېلىپ

كەتتى. ئاللاھ مەندە كۆپنى قالدۇرۇپ قويۇپ، ئازنى ئېلىپ كەتكەن: مېنى بىر قېتىم سىناپ، تالاي قېتىم سالامەت قىلغان تۇرسا، مەن يەنە قانداقمۇ ئاللاھقا شۈكۈر قىلماي تۇرالايمەن».

كىچىك دوستلار! مانا بۇ كىشى ئۆزىدىن كېيىنكىلەرگە مەڭگۈ ئۆرنەك بولىدىغان شۈكۈر ئابىدىسىنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئەنە شۇنداق ئېغىر مۇسىبەتلەنگەن بىر كىشى ئاللاھنىڭ ئۆزىدىكى نېئمەتلىرىنى ئەسلىگەن ۋە ئۇنىڭغا چەكسىز شۈكۈر قىلغان تۇرسا، بىز بولساق ئاللاھنىڭ چەكسىز نېئمەتلىرى ئىچىدە بەھۇزۇر ياشاۋاتقان تۇرساق، يەنە قانداقمۇ ئاللاھقا شۈكۈر قىلماي تۇرالايمىز؟ ئاللاھ تائالا شۈكۈر قىلغان بەندىسىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ، نېئمەتلىرىگە شۈكۈر قىلغان بەندىسىگە نېئمىتىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىپ بېرىدۇ. شۇڭا بىز ھەر ۋاقىت ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىنى ئەسلەپ تۇرۇشىمىز، نېئمەتلەرگە شۈكۈر قىلىشىمىز، ھەرگىزمۇ ناشۈكۈرلۈك قىلماسلىقىمىز ھەمدە بىزگە بېرىلگەن نېئمەتلەرنىڭ شۈكرانىسىنى ياخشى ئادا قىلىشىمىز كېرەك. شۇندىلا ئاللاھ بىزنى ياخشى كۆرىدۇ ھەمدە بىزگە تېخىمۇ كۆپ نېئمەتلەرنى ئاتا قىلىدۇ.

## كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكىلەرنىڭ توغرا-خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىڭلار. توغرىسىغا «√» بەلگىسى، خاتاسىغا «×» بەلگىسى قويۇڭلار.

1) ئۇرۇەنىڭ ھاممىسى مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بولغاچقىلا، ئۇ شۇ دەۋردىكى كاتتا ئالىمغا ئايلىنالىغان. (    )

2) ئۇرۇە ئىلىم بىلەن ئەمەلنى بىرلەشتۈرگەن ئىبادەتكار ۋە شۈكۈر

قىلغۇچى كىشى ئىدى. (     )

3) دوختۇرلار ئۇنىڭ پۇتىنى كەسكەندە، ئۇنىڭغا مەست قىلغۇچى دورىلارنى ئىشلەتتى. (     )

4) ئۇرۇق شۇنچە كۆپ مۇسىبەتلەنگەن تۇرۇقلۇق يەنىلا ئاللاھ تائالاغا كۆپ شۈكۈرلەرنى ئېيتتى. (     )

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ھەمدە ھەربىرىگە ئىككىدىن جۈملە تۈزۈڭلار.

ئابىدە، پەزىلەتلىك، بوۋا، موما، ھاما، ھېرىسمەن، تەھلىل.

3. بىز نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىسىز بىر دەقىقىمۇ ياشىيالمايمىز؟ مىسال كەلتۈرۈپ بېقىڭ.

# ئاياغ

قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقى ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. سىددىقنىڭ پۇتى سوغۇقتىن ئۇششۇپ قالغان ئىدى، چۈنكى يىرتىق ئايىغىدىن سۇ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بۇ يىل ئائىلىسىنىڭ يوقسۇل ئىكەنلىكىنى تونجى قېتىم قاتتىق ھېس قىلىپ، كۆڭلى يېرىم بولدى. «ياخشى بىر قۇر كىيىم، قېلىن بىر چاپان ۋە مەزمۇت بىر جۈپ ئاياغ ئالغۇچىلىك پۇلىمىز بولغان بولسا، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە!» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى.

ئۇ بىر كۈنى سومكىنى كۆتۈرگەن ھالدا مەكتەپتىن ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋاتاتتى. چوڭ مەسجىدنىڭ يېنىغا كەلگەن ۋاقتىدا ناماز ئەسىرگە ئەزان ئوقۇلۇشقا باشلىدى. سىددىق مەسجىدتە جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. دەرھال مەسجىد ھويلىسىغا كىرىپ، تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن جۈمەكنىڭ يېنىغا كەلدى. سومكىسىنى ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، يەڭلىرىنى تۈردى.



كۆپ قىسمى ئۇنىڭغا تونۇش بولغان مۇسۇلمانلار جۈمەك ئالدىدا ئولتۇرۇپ تاھارەت ئېلىۋاتاتتى.

سىددىق بىر جۈمەكنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئايىغىنى سالدى. پايپىقى يەنە پاسكىنا بولغان ئىدى. ئۇ شۇ ئاچچىقىدا يىرتىق ئايىغىنى يەرگە ئاتتى. دەل بۇ ۋاقىتتا يېنىدا تاھارەت ئېلىۋاتقان

بىر ئادەمنىڭ بىر پۇتىنى يۇيۇپلا ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى كۆردى. بىچارە ئادەمنىڭ يەنە بىر پۇتى يوق ئىدى. سىددىق «ياخشى بىر ئايىغىم يوق» دەپ كۆڭلى يېرىم بولغانلىقىدىن خىجىل بولدى. بەلكىم، بىر پۇتى يوق بۇ ئادەمنىڭ بىرنەچچە جۈپ ئاياغ ئالىدىغان پۇلى بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما، پۇل بىلەن ھەممە نەرسىنى سېتىۋالغىلى بولمايتتى.

سىددىق نامازدىن كېيىن دۇئا قىلىشقا باشلىدى. ئۇ كۈنى ئاللاھ تائالاغا ئۆزىگە ساغلام ئىككى پۇت ئاتا قىلغانلىقى ئۈچۈن كۆپ شۈكۈر ئېيتتى.

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى تىنىش بەلگىلىرىگە دىققەت قىلغان ئاساستا راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.
2. تېكىستنى پىششىق ئوقۇپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.
   1) سىددىق نېمە ئۈچۈن يېڭى ئاياغ سېتىۋالمايدۇ؟
   2) سىددىق نېمىشقا ئايىغىنى يەرگە ئاتىدۇ؟
   3) سىددىق نېمىشقا «ياخشى بىر ئايىغىم يوق» دەپ كۆڭلى يېرىم بولغانلىقتىن خىجىل بولدى؟
3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭلار.
   قەھرىتان سوغۇق، جامائەت، ناماز ئوقۇش، رەھمەت ئېيتىش.
4. ئۆزىڭىزدە بار بولغان ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىنى ساناپ بېقىڭ ھەمدە شۇ نېئمەتلەرگە قانداق شۈكۈر قىلىش كېرەكلىكىنى ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن مۇلاھىزە قىلىڭ.



# ئۈممەت ئىزباسارى بىز

ئۈممەت ئىزباسارى بىز،
قۇرئان سۈننەت يولىمىز.
بىر سەپ بولدۇق دىن ئۈچۈن،
گىرەلەشتى قولىمىز.

قۇرئان بىلەن نۇرلاندى،
بۈگۈن بىزنىڭ دىلىمىز.
نېئمىتىگە ئاللاھنىڭ،
ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىمىز.

ئۈممەت ئۈچۈن، دىن ئۈچۈن،
سوقار بىزنىڭ قەلبىمىز.
ئىسلام ئۈچۈن چىقسا جان،
شۇدۇر ئەڭ چوڭ غەلبىمىز.

غەمكىن بولما ئەي مەزلۇم،
بىردۇر بىزنىڭ تىنىمىز.
ھۆرلۇكۇڭ چۇن ھەق ئۇچۇن،
ئاقسا رازى قىنىمىز.

بەردى بىزگە كۆپ نېئمەت،
ئۇلۇغ رەھمان رەببىمىز.
نېئمىتىگە ئاللاھنىڭ،
چەكسىز شۇكۇر ئېيتىمىز.

## كۆنۈكمە

1. شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار.
2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.
ئۇممەت، مەزلۇم، ھۆرلۇك، رەھمان، چەكسىز.
3. شېئىردا ئاساسلىق قايسى مەزمۇنلار سۆزلەنگەن؟
4. شېئىرنى يادلىۋېلىڭلار.

# ئاساسىي مەشق

1. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ ئورنىنى تەرتىپىنى مەزمۇنغا ئاساسەن رەتلەپ يېزىڭلار.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئۇ شەھەردىن ئايرىلىپ بىر چەت يەرگە كەتتى، كىشىلەر ئىچىدە ئايالىدىن باشقا ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بىرمۇ كىشى قالمىدى.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالام بالىلىرىنىڭ ھەممىسىدىن ئايرىلىپ سىنالدى. ئاخىرى سىناق ئۇنىڭ بەدىنىدە باشلاندى.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ قوي، كالا، ئات، تۆگە ۋە زىرائەت بولۇپ نۇرغۇنلىغان مال-مۈلكى ۋە ئېسىل ئۆي-زېمىنلىرى بار ئىدى. بالا-چاقىلىرىمۇ كۆپ ئىدى.

ئۇ ۋاقىتتا ئۇ پەرۋەردىگارىغا: «ھەقىقەتەن مېنى بالا (يەنى قاتتىق كېسەل) ئورىۋالدى، سەن ئەڭ مەرھەمەتلىكسەن» دەپ دۇئا قىلدى.

2. تۆۋەندىكى ئابزاستىكى بوش ئورۇنلارغا مۇۋاپىق تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇپ كۆچۈرۈڭلار.

ئى قۇرەيش جامەسى__ ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ__ ئەگەر مەن دۈشمەن ئاتلىق قوشۇنى تاغ ئارقىسىدا سىلەرگە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ، دېسەم مېنىڭ گېپىمگە چىن پۈتەمسىلەر__

سىلەر مېنىڭ گېپىڭگە چىن پۈتىمىز__ سېنىڭ راستچىل__ سەممىي ئىكەنلىكىڭگە ئىشىنىمىز__

3. تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارغا مۇۋاپىق سۆزلەرنى تولدۇرۇش ئارقىلىق سۆز بىرىكمىسى ياساڭ.




4. تۆۋەندىكى ھەدىسنى ئوقۇپ يادلىۋېلىڭلار ھەمدە ئەمەلىي تۇرمۇشىڭلارغا تەتبىقلاشقا تىرىشىڭلار.

بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — دەپ سالام قىلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا سالام قايتۇردى. ئۇ كىشى كېلىپ ئولتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— 10 ساۋاب، — دېدى. ئاندىن يەنە بىر كىشى كېلىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ! — دەپ سالام قىلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغىمۇ سالام قايتۇردى. ئۇ كىشىمۇ كېلىپ ئولتۇرغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— 20 ساۋاب، — دېدى. ئاندىن يەنە بىر كىشى كېلىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ! — دەپ سالام قىلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغىمۇ سالام قايتۇردى. ئۇ كىشىمۇ كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— 30 ساۋاب، — دېدى.

ئەبۇ داۋۇد توپلىغان

5. تۆۋەندىكى شېئىرلارنى يادلىۋېلىڭلار.

## گۈزەل ئەخلاق شادلىقىم

دادام دەيدۇ ھەر دائىم،
«ئەخلاق ئادەم زىننىتى.
ئەخلاق بىلەن ئادەمنىڭ،
ئاشار ئىززەت ـ ھۆرمىتى.

كىمكى بولسا ئەخلاقلىق،
قەلبى گۈزەل بولىدۇ.
ئۇنىڭ ھەربىر ئىشلىرى،
تىلدا داستان بولىدۇ.

كىمكى بولسا ئەخلاقسىز،
ئاڭا قارغىش ياغىدۇ.
ئەل قوينىدىن ئايرىلىپ،
مەڭگۈ يالغۇز قالىدۇ.

ئوغلۇم ساڭا يار بولسۇن،
ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەت.
ئالىيجاناپ خىسلەتكە،
باغلا چوڭقۇر مۇھەببەت!...»

دادامنىڭ شۇ سۆزلىرى،
يۈرىكىمگە ئورناشتى.
ۋۇجۇدۇمغا گوياكى،
تۈگىمەس كۈچ ياماشتى.

دەيمەن: «دادا، ئىشىنىڭ،
ئەخلاق مېنىڭ شادلىقىم.
گۈزەل ئەخلاق بىر ئۆمۈر،
ئامراق دوستۇم بايلىقىم».

# سۆزلۈكلەر باغچىسى

## ئا

ئابدە — ① قەدىمكى شەھەر، مەھەللە، مۇنارلار ۋە قەبرە، قەبرىگاھلارنىڭ يولىغا ياكى ئۇنىڭ ئالدىغا تىكلەپ قويۇلغان، ئۈستىگە خەت ـ ئىبارىلەر ياكى سۈرەتلەر چېكىلگەن چوڭ خاتىرە تاشلار؛ ② ئادەم ۋە يەر جاي نامى؛ ③ ئۆچمەس ئۈلگە، شانلىق نەمۇنە.

ئاداش — دوست، ئاغىنە، بۇرادەر.

ئازاد قىلماق — ئەركىنلىك، ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرمەك؛ قۇللۇق ۋە ئاسارەتتىن قۇتۇلدۇرماق.

ئاشىق بولماق — بىراۋنى، بىرنەرسە ياكى كەسپىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا خۇشتار بولۇپ قالماق، مۇھەببەت قويماق.

ئاڭ — ① پىكىر قىلىش قابىلىيىتى، ئەقىل ـ ئىدراك؛ ② ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا بولغان چۈشەنچە؛ سەزگۈرلۈك؛ ③ روھىي دۇنيا، مەنىۋىيەت، ئىدىيە؛ ④ نۇقتىئىنەزەر.

ئالامەت — ① بەلگە، نىشان، ئىپادە، ئىشارە؛ ② ناھايىتى، ئاجايىب.

## ئە

ئەجەللىك ــــ ① ئەجەل يەتكۈزىدىغان، ئەجەلگە ئېلىپ بارىدىغان؛ ② ھەل قىلغۇچ، قاقشاتقۇچ، ھالقىلىق.

ئەجىر ــــ ① ئىشلەنگەن ئىش، ئەمگەك، خىزمەت؛ ② غەمخورلۇق، كۆيۈنۈش، كۆڭۈل بۆلۈش، تەلىم ـ تەربىيە.

ئەدەپلىك ــــ ئەدەپ ـ ئەخلاق قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىدىغان، ئەدەپنى بىلىدىغان، تەربىيە كۆرگەن؛ ئەخلاقلىق.

ئەدىپىنى بەرمەك ــــ زەربە بەرمەك، دەككىسىنى بەرمەك، جازاسىنى بەرمەك.

ئەزىيەت ــــ ① رەنج، ئازار، زىيان ـ زەخمەت؛ ② قىيىنچىلىق، جاپا ـ مۇشەققەت، ئازاب.

ئەلاچى ــــ ئاساسىي پەنلەرنىڭ ھەممىسىدە ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكەن، ئەلا ئوقۇغان.

ئەۋج ئالماق ــــ كۈچەيمەك، ئۇلغايماق، زورايماق، يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلمەك، قىزىماق.

## ب

باتىل ــــ ① ئىناۋەتسىز؛ يالغان؛ ئازغۇن؛ ② قۇۋ، ھىيلىگەر.

بازا ــــ ① ئاساس، نېگىز، تايانچ؛ ② دەرۋازا ئورنىتىش ئۈچۈن دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىگە خىش ياكى كېسەكتىن قوپۇرۇلغان تۈۋرۈك.

باغاقچە ــــ خەت يېزىلغان كىچىككىنە قەغەز.

باغۋەن ــــ باغنى پەرۋىش قىلغۇچى كىشى.

باھانە ــــ ① بىرەر ئىشتىن باش تارتىش مەقسىتىدە كۆرسىتىلگەن ئورۇنسىز سەۋەب، ئۆزرە؛ ② كىچىككىنە سەۋەب.

بەتىنكە ــــ كالا، ئات ۋە قوي قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ كۆن-خۇرۇملىرىدىن تىكىلگەن قىسقا قونچلۇق بىر خىل ئاياغ كىيىمى.

بەختىيار ــــ بەختكە تولغان، ئامەت، تەلىيى كەلگەن، پاراۋان، تەلەيلىك.

بەسلەشمەك ــــ بىر-بىرىدىن ئۈستۈنلۈك تالاشماق، مۇسابىقىلەشمەك، بەس-بەسكە چۈشمەك.

بەھۇزۇر ــــ ① ھۇزۇرلىنىپ، راھەتلىنىپ، بىمالال؛ ② توسقۇنسىز، پەرۋا قىلماي، خاتىرجەم.

بوھتان ــــ بىرەر كىشىنى ئەيىبلەش ياكى قارىلاش مەقسىتىدە ئويلاپ چىقىرىلغان، ئاساسسىي بولمىغان پىكىر؛ تۆھمەت.

بۆشۈك ــــ ① بوۋاق بالىنى بۆلەپ بېقىش ئۈچۈن ياسالغان كارىۋات شەكىللىك جابدۇق؛ ② بىرەر نەرسىنىڭ، ۋەقە-ھادىسىنىڭ تۇغۇلغان يېرى، ماكانى.

بۆلۈم ــــ قىسىم، خانا ۋە شۇ قاتارلىق ئاجرىتىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەربىر قىسمى؛ ئىشخانا؛ ② ئىدارە، مۇئەسسەسە، كارخانا، ماگىزىن، مۇزېي قاتارلىقلارنىڭ مەلۇم ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، بىر تۈردىكى نەرسىلەر توپلانغان ھەربىر قىسمى، شۆبە؛ ③ ئىلمىي ياكى بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ مەلۇم مەسىلىگە بېغىشلانغان ھەربىر مۇستەقىل قىسمى؛ ④ بۆلەك، قىسىم.

بۈيۈك ــــ ① ئۇلۇغ، زور، كاتتا؛ ② يۈكسەك، يۇقىرى، ئېگىز.

بېشىنى تۆۋەن سالماق ــــ بېشىنى ساڭگىلاتماق.

بىچارە ــــ ① چارە، ئامالى يوق، چارىسىز، ئامالسىز، ئىلاجسىز؛ ② ماددىي ئەھۋالى ئېغىر قىيىنچىلىقتا كۈن كەچۈرىدىغان كەمبەغەل. ③ «بەختسىز»، «بىتەلەي» دېگەن مەنىدە، ئايانچ ۋە ئېچىنىشنى

بىلدۈرىدۇ.

بىناكارلىق ـــ بىنا، ئۆي ـ ئىمارەت قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى سېلىش ئىشى، كەسپى.

بايرام ـــ ① مۇھىم تارىخىي ۋەقە، ھادىسە قاتارلىقلارنى تەنتەنىلىك خاتىرلەش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ياكى ئادەت بولۇپ قالغان خاتىرە كۈن؛ ② مۇھىم، خۇشاللىنارلىق ھادىسە يۈز بەرگەن، زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلگەن ۋە شۇ سەۋەبتىن شادلىق بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈن.

## پ

پادىچى ـــ پادا باققۇچى.

پادىشاھ ـــ بەزى دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ ئەمەل نامى.

پارتىيە ـــ مەلۇم سىنىپ، تەبىقە ياكى مەلۇم گۇرۇھقا ۋەكىللىك قىلىدىغان ۋە مەلۇم گۇرۇھقا ۋەكىللىك قىلىدىغان ۋە مەلۇم مەقسەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان سىياسىي تەشكىلات.

پەزىلەت ـــ ① كىشىلەردە بولىدىغان ئىجابىي خىسلەت، ياخشى سۈپەت، ياخشى خۇسۇسىيەت؛ ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

پەلتو ـــ بىر خىل سىرتقى كىيىم، ئادەتتە قايرىما ياقىلىق بولۇپ تىزدىن ئېشىپ تۇرىدۇ، يۇڭ رەخت ۋە ھەر خىل ئالىي سۈپەتلىك رەختلەردىن تىكىلىدۇ.

پورۇقلىماق ـــ پورۇق قىلىپ ئاۋاز چىقارماق.

پوككىدە ـــ ① «پوك» قىلغان ھالدا؛ ② كۈتۈلمىگەندە، ئۇشتۇمتۇت.

پىداكارلىق كۆرسىتىش — بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت ياكى ئىدىيە يولىدا جېنىنى پىدا قىلىش، ئۆزىنى ئاتاش؛ چەكسىز ساداقەتمەنلىك قىلىش.

پىرقىراش — ① جىسىم بىرەر نۇقتا ياكى ئۆز ئوقى ئەتراپىدا چەمبەر شەكلىدە چۆرگىلىمەك، ئايلانماق؛ ② قايماق، ئايلانماق (باش ھەققىدە) .

## ت

تاپا ـ تەنە — بىر كىمنىڭ قىلغان ئىش ـ ھەرىكىتى، گەپ سۆزلىرىدىن نارازى بولۇپ ئۇنىڭغا قىلىنغان دوق، بېرىلگەن دەككە، دەشنەم.

تاجاۋۇزچى — تاجاۋۇز قىلغۇچى؛ باسمىچى؛

تارتىنچاق — باشقىلاردىن ئۇيىلىپ، ئەيمىنىپ ئۆزىنى تارتىدىغان، ئۇياتچان.

تالاي قېتىم — جىق، نۇرغۇن، كۆپ قېتىم.

تالون — سېتىۋېلىنغان نەرسە ـ كېرەك ئۈچۈن يېزىپ بېرىلگەن ئىسپات قەغىزى؛ ھۆججەت.

تالىپ — ① مەدرىسىلەردە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى؛ ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

تانماق — ① قىلمىشىنى، گۇناھ ۋە سەۋەنلىكلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالماي تورۇۋالماق، ئىنكار قىلماق؛ ② مۇناسىۋەتنى ئۈزمەك، يىراقلاشماق، قاچماق.

تەپەككۇر قىلىش — پىكىر يۈرگۈزمەك، مۇھاكىمە، مۇلاھىزە يۈرگۈزمەك.

تەتىللىك تاپشۇرۇق — تەتىلدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشلىشى ئۈچۈن بېرىلگەن تاپشۇرۇق.

تەرتىپ - تۈزۈم — تەرتىپ ھەم تۈزۈم.

تەسىر قىلماق — تەسىر كۆرسەتمەك، تەسىر پەيدا قىلماق.

تەشۋىقات — تەشۋىق - تەرغىب پائالىيىتى.

تەقدىرنامە — ئالاھىدە ياخشى نەتىجە ياراتقانلارنىڭ تەقدىرلەنگەنلىكى ھەققىدە بېرىلگەن ئىسپات قەغىزى.

تەقۋالىق — يامان، گۇناھ ئىشلاردىن يىراق تۇرۇپ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇش.

تەكبىر — ئاللاھۇ ئەكبەر (ئاللاھ ئەڭ ئۇلۇغدۇر) دېگەن ئىبارىنى ئېيتىش؛ ② پەرز نامازلارغا تۇرۇشتىن ئىلگىرى مۇئەززىن ئېيتقان كەلىمىلەر.

تەمشەلمەك — ① بىرەر ئىشنى قىلىشقا تەييارلانماق، ئىنتىلمەك، كىرىشمەك؛ ② مەلۇم بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا ئۇرۇنماق؛ ③ مەلۇم بىر ئىشنىڭ نەتىجىسىگە ئاز قالماق، يېقىنلاشماق.

تەنەپپۇس — دەرس، ئەمگەك ۋە باشقا پائالىيەتلەر ئارىلىقىدىكى ئارام، قىسقا دەم ئېلىش.

توختاملىشىش — ① گېپىنى بىر يەرگە توختاتماق، پۈتۈشمەك؛ ② ئۆزئارا توختام تۈزۈشمەك.

تور — ① يىپ ياكى سۇنئىي تالالاردىن كاتەك - كاتەك كۆزلۈك قىلىپ توقۇلغان توقۇلما؛ ② شۇنداق شەكىلدە ئىشلەنگەن بۇيۇم؛ ③ ئۆمۈچۈك، پىلە قۇرتى قاتارلىقلارنىڭ تارتقان يىپلىرى؛ ④ بېلىق تۇتۇش، قۇش ئوۋلاش ئۈچۈن كۆزلۈك قىلىپ توقۇلغان يىپ؛ ⑤ تۇزاق، قاپقان، قامال؛ ⑥ قوغۇن پىشقاندا، شاپىقىدا ھاسىل بولىدىغان ئەگرى - بۈگرى كېسىشكەن سىزىقلار؛ ⑦ بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ساھە، سىستېما.

تورغاي ــــ قاناتلىرى سۇس قوڭۇر، قارا رەڭلىك سىزىقچىلىرى بار، تۇمشۇقى كىچىك ۋە ئۇچلۇق، قانىتى چوڭ، ئېگىز ئۇچىدىغان، يېقىملىق سايرايدىغان بىر خىل قۇش.

تومۇز ــــ ① ئەڭ ئىسسىق بولغان 8- ۋە 8- ئاي ئارىلىقىدىكى مەزگىل؛ ② 24 مەۋسۇمنىڭ بىرى بولۇپ، 7- ئاينىڭ 22-، 23- ياكى 24- كۈنلىرى.

تۇتۇنماق ــــ كىرىشمەك، بىرەر ئىشنى قىلىشقا باشلىماق.

تۇرغۇن ــــ ① بىرەر جايدا تۇرۇپ ئادەتلىنىپ قالغان، ئورۇنلاشقان، ماكانلاشقان؛ ② ئۆزگەرمەس، مۇقىم، تۇراقلىق؛ ③ ھەرىكەت قىلمايدىغان، توختاپ قالغان؛ ④ كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى؛ ⑤ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

تىرناق تاتىلاپ تۇرماق ــــ بىرەر ئىشنى خاتا قىلغانلىقى، ئەدەپسىز، كۆڭۈلسىز ئىشلىرى تۈپەيلىدىن خىجىل بولۇپ ئوڭايسىزلانماق.

تىز پۈكمەسلىك ــــ باش ئەگمەسلىك، بويسۇنماسلىق، تەسلىم بولماسلىق.

تىلەك ــــ ① بىرەر نەرسە، ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان ئارزۇ، ئىنتىلىش، ئىستەك؛ ② مەلۇم ئۈمىد ياكى ئېھتىياج بىلەن باشقىلارغا قىلىنغان تەلەپ، مۇراجىئەت؛ ③ ئۈمىد، ئارزۇ.

تىنىمسىز ــــ ① بىكار، تىنچ تۇرمايدىغان، ھەرىكەتچان؛ ② توختىماي، جىم تۇرماي، ئۈزلۈكسىز.

## ج

جاراھەت ــــ ① يارا، چاقا، يارا چىققان، زەخىملەنگەن جاي؛ ② زەرەر، زىيان-زەخمەت، دەخلى، كاشىلا؛ ③ يۈرەكتىكى دەرد-ئەلەم،

## سۆزلۈكلەر باغچىسى

ئېغىر خاپىلىق، كۆڭۈلسىزلىك؛

گۆرجەك ــــ توپا ئۇسۇش، توپا قېزىش، خامان سوروش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىش ئۈچۈن تۆمۈر ياكى ياغاچتىن ياسالغان ساپلىق سايمان.

جىن ــــ ① ئاللاھ تائالا ئوتتىن ياراتقان مەخلۇقنىڭ ئىسمى. «جىن» دېگەن سۆز تىلىمىزغا ئەرەب تىلىدىن كىرگەن بولۇپ، «يوشۇرۇن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. جىنلارنىڭ بارلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش دىنىمىزنىڭ ئاساسلىرىدىن بولۇپ، جىن توغرىسىدا مەخسۇس ئايەت ۋە ھەدىسلەر كەلگەن؛ ② ناھايىتى كۆرۈمسىز بىر نىمە؛ بەتبەشىرە (كۆرۈمسىز ئادەم ھەققىدە).

جىھاد ــــ ئاللاھ يولىدىكى كۈرەش، جەڭ، غازات.

## چ

چاقپەلەك ــــ ① سۇ ۋە شامال كۈچى بىلەن ئايلىنىپ، ماشىنىلارنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان قاناتلىق چاق. ئادەتتە تۈگمەن، سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى، ئايروپىلان، سۇ پومپىسى ۋە شامالدۇرغۇچ قاتارلىقلارغا ئورنىتىلىدۇ؛ ② ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، گورىزونتال ئوق ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان قاناتلىق غالتەكسىمان قۇرۇلما.

چۇڭۇلداش ــــ «چۇك-چۇك» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «چۇك-چۇك» قىلماق.

چۆچۈپ كەتمەك ــــ ھاڭ-تاڭ قالماق، ھەيران قالماق، تەئەججۇپلەنمەك، قورقۇپ كەتمەك.

چۈمكۈلىماق ــــ ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئۈستىنى بىرەر نەرسە بىلەن ياپماق، ئورىماق، پۈركىمەك.

چىقىشقاق ـــ كىشىلەر بىلەن ئاسان ۋە تېز چىقىشىپ كېتىدىغان، كىشىنى يات كۆرمەيدىغان.

## خ

خالىس ـــ ① ھەممىگە بىر خىل نەزەر بىلەن قارايدىغان، بىرەر تەرەپكە يان باسمايدىغان، بىتەرەپ، ھەققىي؛ ② ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەيدىغان، تەمە قىلمايدىغان، سەمىمىي؛ ③ ھەق تەلەپ قىلمايدىغان، ھەق ئالمايدىغان، ھەقسىز، چىن كۆڭلىدىن؛ ④ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

خەلق ـــ ① بىرەر مەملىكەتنىڭ ئەمگەكچى ئاممىنى گەۋدە قىلغان ئاھالىسى؛ ② مىللەت؛ ③ بىرەر جاينىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن كېلىپ، شۇ جاينىڭ «يەرلىك ئاھالىسى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ؛ ④ بىرەر كەسىپ، مەشغۇلات، ئىش قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن كېلىپ، شۇ كەسىپ، مەشغۇلات، ئىش قاتارلىقلارغا مەنسۇپ كىشىلەر گۇرۇھىنى بىلدۈرىدۇ.

خەلىپە ـــ ① ئىسلام دىنىمىزدىكى سىياسىي ـ دىنىي داھىيلارنىڭ نامى، ئىمام؛ ② ئورۇن باسار.

خىجىل بولماق ـــ بىرەر ئىش، بىرەر مەسىلە تۈپەيلى كىشى ئالدىدا قىيىن ئەھۋالغا چۈشمەك، خىجالەتتە قالماق، ئۇيالماق.

خىزمەتچى ـــ ① ئىدارە، كارخانا، مەكتەپ ۋە باشقا تەشكىلاتلاردىكى مەمۇرىي ياكى كەسپىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىم، كادىر؛ ② خىزمەتكار.

خىسلەت ـــ ① ئادەم ياكى نەرسىنىڭ مۇھىم ئىجابىي بەلگىسى، تەرىپى، سۈپىتى، خۇسۇسىيەت، پەزىلەت؛ ② بىرەر يازغۇچىنىڭ تىل بايلىقىدىن، ئۇنىڭ ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىشتىكى ئۆزگە

خاس خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئۇسۇل، ئۇسلۇبلىرى، پۇراق؛ ③ ئايالللارنىڭ ئىسمى.
خىيانەتكار ــ خىيانەتچى.

## د

دادىل ــ قورقماس، يۈرەكلىك، جۈرئەتلىك.
داستىخان ــ ① رەختتىن تەييارلانغان، ئوتتۇرىغا يېيىلىپ، ئۈستىگە نازۇ ـ نېئمەت تىزىلىدىغان ياكى غىزالانغاندا ئوتتۇرىغا سېلىنىدىغان ئۆي بۇيۇمى؛ ② داستىخانغا تىزىلغان نازۇ ـ نېئمەت ياكى ئومۇمەن غىزا ـ تاماق.
دەقىقە ــ ① ۋاقىت بىرلىكى بولۇپ، سېكۇنتنىڭ 100 دىن بىر بۆلىكى؛ ② قىسقىغىنە ۋاقىت، پەيت.
دەۋالاشماق ــ بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىشماق، دەۋا قىلىشماق.
دەۋاگەر ــ ① قازىخانىغا ئەرز قىلغان كىشى، ئورگان ياكى كوللېكتىپ؛ ② بىرەر نەرسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئۇرۇنغۇچى كىشى.
دەۋەتچى ــ بىرەر ئىش، ئەقىدە، يول، مەسىلەك قاتارلىقلارغا دەۋەت قىلىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى.
دېھقان ــ ئۆزىن مۇددەت يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللانغان، زىرائەت تېرىش ئارقىلىق تۇرمۇش كەچۈرىدىغان كىشى.
دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرمەك ــ پىكىر ـ خىيالىنى بىر نۇقتىغا يىغماق، پۈتۈن ئوي ـ خىيالىنى مەلۇم بىر نۇقتىدا ئۈستىگە قاراتماق.

## ر

رەت قىلماق — ① ئىنكار قىلماق، رەددىيە بەرمەك، يوققا چىقارماق؛ ② قوبۇل قىلماي قايتۇرماق، ياندۇرماق؛

رەندە — ياغاچ ماتېرىياللىرىنى قىرىپ سىلىقلىتىشقا ئىشلىتىدىغان، ئوتتۇرىسىغا پولات تىغ ئورنىتىلغان دەستىلىك ئەسۋاب.

رەھبەر — ① يولباشچى، باشلىق؛ ② تەلىم ـ تەربىيە بەرگۈچى، يول-يورۇق كۆرسەتكۈچى؛ ئۇستاز.

روزىدار — روزا تۇتقان كىشى.

روشەن — ① يارقىن، پارلاق؛ ② ئېنىق، ئوچۇق، ئاشكارا؛ ③ ياخشى كۆرىدىغان، ئۆتكۈر (كۆز ھەققىدە)؛ ④ تولۇق، تەلتۆكۈس؛ ئېنىق؛ ⑤ پەرقلىنىپ تۇرىدىغان، پەرقلىق، كەسكىن؛ ⑥ ئاياللارنىڭ ئىسمى .

رۇسلانماق — رۇس ۋە تۈز ھالەتكە كەلمەك.

## ز

زات — ① بىر ئۇرۇق ـ ئەجدادتىن تارالغان نەسىل، ئەۋلاد؛ ② كېلىپ چىقىش؛ ③ بىرەر ئىش ـ ھەرىكىتى ۋە خۇسۇسىيىتى بىلەن باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئادەم؛ شەخس.

زەھەرلىك — ① زەھىرى بار، تەركىبىدە زەھەر بولغان، زەھەرلەيدىغان؛ ② زەھەر سۈرتۈلگەن، زەھەر يالىتىلغان؛ ③ كىشىگە نەشتەردەك سانجىلىدىغان، ئالا كۆڭۈللۈك ھەم قارا نىيەتلىك يوشۇرۇنغان؛ ئىنتايىن ئاچچىق.

زوقمەنلىك ــــ زوقى بار، ئىشتىياق باغلىغان، قىزىقىدىغان.

زۇلۇم ــــ ① كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارغا، زالىملارنىڭ مەزلۇملارغا، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلارغا سالىدىغان جەبىر-جاپاسى، شەپقەتسىز ئېزىش، ئىستىبداتلىق؛ ② ئومۇمەن جەبىر-جاپا، مۇشەققەت.

زىچ بىرىكمەك ــــ ① زىچ ئورۇنلاشماق، قويۇقلاشماق؛ ② يېقىنلاشماق، مۇستەھكەملەنمەك، چىڭىماق.

زىيادە قىلماق ــــ ئېھتىياجدىن، نورمىدىن ئاشۇرماق، ئارتتۇرماق، كۆپەيتمەك.

## س

سائادەت ــــ ① زور بەخت، پارلاق ئىستىقبال؛ ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

ساھابە ــــ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرگەن ۋە ئۇنى تەستىقلاپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭ سۆھبىتىدە بولغان كىشى.

ساۋاق ــــ ① ئوقۇتۇش پائالىيىتى داۋامىدا دەرسلىك ياكى ماتېرىياللارنىڭ بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە ئۆتۈلىدىغان بۆلىكى، دەرس؛ ② ئۇتۇقسىزلىقلاردىن يەكۈنلەنگەن، ئىبرەت ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان سەلبىي تەجرىبە، ئىبرەت.

سەۋەنلىك ــــ ① بىلىپ-بىلمەي، بىخەستەلىك قىلىپ ئۆتكۈزگەن ياكى يول قويغان خاتالىق، كەمچىلىك؛ ② بىرەر قىلمىشنىڭ جەمئىيەتكە زىيانلىق ئاقىۋەت كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلەشكە مۇمكىن بولسىمۇ، بىخەستەلىك قىلىپ مۆلچەرلىيەلمەسلىك ياكى مۆلچەرلىگەن تەقدىردىمۇ ساقلىنالايدىغانلىقىغا يېنىكلىك بىلەن

ئىشىنىپ كېتىپ، زىيانلىق ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىغا يول قويۇش.

سۈكۈت قىلماق ــــ ① گەپ-سۆز قىلماي جىم تۇرماق؛ ② تەخىر قىلماق، ساقلىماق.

سېخىي ــــ ① كىشىدىن ھېچ نەرسىسىنى ئايىمايدىغان، كىشىگە غەمخورلۇق قىلىدىغان، مەرد؛ ② ھاياتىي، زۆرۈرىي نەرسىلەرگە چەكسىز باي ۋە ئۇنى ئىنسانغا ئايىماي ئېھسان قىلىپ تۇرىدىغان، مول.

سىر ــــ I بەدەننىڭ مەلۇم قىسمىنىڭ مەلۇم بىر تەسىر تۈپەيلىدىن يىڭنە سانجىغاندەك بىر خىل ئاغرىش ھالىتى؛ II ① باشقىلاردىن مەخپىي تۇتىلىدىغان، ئۆزىگىلا مەلۇم، ئۆزگىلەرگە نامەلۇم بولغان ئىش-ھەرىكەت، نەرسە؛ مەخپىيەتلىك؛ ② تېخى ئېچىلمىغان، ئېنىقلانمىغان، ئىنسانىيەت تېخى بىلىپ يېتەلمىگەن نەرسە، خۇسۇسىيەت، ئالاھىدىلىك.

سىرداش ــــ ① ئۆزئارا سىرداشىدىغان، كۆڭلىدىكى سىرلىرىنى، دەرد-ئەلەم ياكى ئارزۇ-ئۈمىد، ھېس-تۇيغۇلىرىنى دېيىشىدىغان كىشىلەر، دوست، ئاغىنە؛ ② كۆڭلىدىكى سىرلىرىنى ئۆزئارا دېيىشىدىغان، بىر-بىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ۋە سىرلىرىنى بىلىشىدىغان، ناھايىتى يېقىن.

سىناق ــــ ① ئادەم ياكى شەيئىنىڭ خىسلەت-پەزىلىتى، قەتئىيلىكى، ساداقىتى ياكى توغرا-خاتالىقى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان تەكشۈرۈش، سىناش ئىشى؛ ھالقىلىق پەيت، قىيىن شارائىت. ② بىرەر ئىش، مەھسۇلات، ئۇسۇل قاتارلىقلارنىڭ نەتىجىسى، خۇسۇسىيىتى، سۈپىتى، ياراملىقى قاتارلىقلارنى ئېنىقلاش ئۈچۈن كونكرېت ئۆلچەم بويىچە، مەلۇم ئەسۋاب ياكى ئۇسۇللار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان تەجرىبە ياكى شۇ مەقسەتتە قىلىنغان

ئىش ـ ھەرىكەت؛ ③ ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ياكى مەلۇم تېخنىكا ساھەسىدىكى كىشىلەرنىڭ بىلىم سەۋىيىسى ياكى ئەمەلىي ئىقتىدارىنى كۆرۈپ بېقىش مەقسىتىدە ئېلىنىدىغان ئىمتىھان.

## ش

شەربەت — ① پىشقان ھۆل مېۋىنىڭ تەركىبىدىكى قەنت ماددىسى، شىرنە، مېۋە سۈيى؛ ② مېۋىنى مۇۋاپىق نىسبەتتىكى سۇغا سېلىپ قاينىتىشتىن ھاسىل بولغان سۇيۇقلۇق.

شوخلۇق قىلماق — كەپسىزلىك قىلماق.

شۈبھىلىك — گۇمانلىق، ئىشەنچسىز، شەكلىك.

شۈكۈر — ① بىرەر نەرسىدىن رازى، مىننەتدار بولغانلىقنى ئىپادىلەش، «رەھمەت، تەشەككۈر» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ؛ ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

شۈكۈرچان — ھازىرقى ئەھۋالغا قانائەت قىلىدىغان، رازى بولىدىغان، مىننەتدار بولغان.

شېرىن — ① تاتلىق، مەززىلىك، لەززەتلىك، شىرنىسى كۈچلۈك، شېرىنلىك (مېۋە ـ چېۋە، قەنت ـ شېكەر قاتارلىقلار ھەققىدە)؛ ② ئادەمگە خۇش ياقىدىغان، ھۇزۇر بېغىشلايدىغان، كىشىنىڭ مەيلىنى تارتىدىغان، كۆڭۈلنى ئاچىدىغان؛ ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

شىجائەتلىك — شىجائىتى بار، ھەرقانداق ئىشقا غەيرەت بىلەن كىرىشىدىغان، جەسۇر، جاسارەتلىك، غەيرەتلىك، مۇشكۈلچىلىك ۋە ئېغىرچىلىقلاردىن قورقمايدىغان.

## غ

غار ــــ ① تاغلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەبىئىي شەكىللەنگەن چوڭ ھەجىمدىكى بوشلۇق، ئۆڭكۈر؛ ② ئېغىز چايقىغان، ماتور ئوت ئالغان چاغدا چىققان ئاۋاز.

غەم ــــ ① ئەندىشە، تەشۋىش، ئەنسىرەش؛ ② تەييارلىق، ھازىرلىق.

غەۋغا ـ جاڭجال ــــ ئۇرۇش ـ جېدەل، ماجىرا، قىيا ـ چىيا، غوۋغا چىقارماق.

غەيرەتلىك ــــ غەيرەتى بار، جۈرئەتلىك.

غۇرقىراش ــــ «غۇر ـ غۇر» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «غۇر ـ غۇر» قىلماق.

غۇنچە ــــ ① تېخى ئېچىلمىغان ياكى بەرگىلىرى تېخى يېتىلمىگەن گۈل، گۈل تۈگۈنى؛ ② ياش، يېڭى؛ ③ چىرايلىق، كېلىشكەن، زىلۋا؛ ④ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

## ف

فىردەۋس ــــ ① جەننەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئالىي، ئېسىل جەننەت؛ ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

## ق

قارشىلاشماق ــــ بىر ـ بىرىگە قارشى تۇرماق، زىتلاشماق؛ دۈشمەنلەشمەك.

قازى ــــ شەرىئەت بويىچە دەۋا ئىشلىرىنى سورايدىغان كىشى.

قاماقتا سولىماق ــــ تۈرمىگە سولىماق.

قانائەتچانلىق ــــ قانائەت قىلىدىغان، قانائەت قىلالايدىغان، قانائەتلىك.

قانۇنىيەت ــــ ① ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇقەررەر باغلىنىش ۋە ئۇلارنىڭ قانۇنلىرى؛ ② قانۇنىي ئاساستا، تەبىئىي رەۋىشتە ئۆز ـ ئۆزىدىن كېلىپ چىقىدىغان، تەبىئىي، مۇقەررەر ئىش، ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلار.

قايماق ــــ I تىندۇرۇلغان ياكى قاينىتىلغان سۈت يۈزىدە ھاسىل بولىدىغان ۋە تەركىبىدە ماي بولىدىغان نېپىز قەۋەت؛ II ① قىڭغىر، ئەگرى بولۇپ قالماق؛ ئېگىلمەك؛ ② مەلۇم بىر تۈز سىزىق، يۆنىلىشتىن بىر تەرىپىگە چەتلىمەك، كەينىگە يانماق.

قەسەم ــــ ① ئۆزىنىڭ قىلغان گەپ ـ سۆزى، ئىش ـ ھەرىكىتى ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ھەقلىقى، راستلىقى، توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ ياكى يالغانلىقى ئىسپاتلانسا جازاغا رازى بولۇپ ئېيتىلغان سۆز، بېرىلگەن ۋەدە؛ ② قىلغان سۆزىگە سادىق بولىدىغانلىقى ھەققىدە رەسمىي ھالدا ئېيتىلغان تەنتەنىلىك سۆز، قەتئىي ۋەدە.

قەھرىتان ــــ ① ناھايىتى، قاتتىق، ئىنتايىن؛ ② قاتتىق سوغۇق بولىدىغان، سوغۇق ئىنتايىن كۈچەيگەن؛ ③ ئىنتايىن قاتتىق سوغۇق.

قەيسەرانە ــــ قەيسەرلىك بىلەن، قەيسەرلەرگە خاس ھالدا، قەيسەر ھالەتتە.

قوڭغۇراق ــــ ① سىلكىنگەندە، ئىچىدىكى تىلى يانلىرىغا تېگىپ ئاۋاز چىقىرىدىغان كونۇس شەكلىدىكى مېتال ئەسۋاب؛ ② ئاۋاز چىقىرىپ سىگنال بېرىدىغان ھەرقانداق ئەسلىھە، سىگنال.

قۇل — ① ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىدىكى جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە خۇسۇسىي مۈلۈك، مال ـ دۇنيا قاتارىدا ئېلىپ سېتىلغان، تەقدىرى پۈتۈنلەي قۇلدارغا قاراشلىق بولغان، ئۆزى ھېچقانداق ھوقۇق ۋە مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولمىغان چاكار؛ ② بىر كىمگە، بىر نەرسىگە قاتتىق بېرىلگەن كىشى، ئۇنىڭ پىدائىيسى.

قېرىشقاندەك — بىرەر ئىشنىڭ قىلىنىشىغا خۇددى قەستەن دەخلى ـ تەرۇز بولۇۋاتقاندەك، نىيىتىگە، ئىرادىسىگە، ئويلىغىنىغا، كۈتكىنىگە خىلاپ ھالدا؛ كۈتمىگەندە، بەختكە قارشى، ئۆچەكەشكەندەك.

قىغىر ئولتۇرۇش — بىر تەرەپكە قىغغايغان، قىيسايغان ھالدا ئولتۇرۇش.

## ك

كاپىر — ئىسلام دىنىغا ئىشەنمەيدىغان، دىندىن قايتقان، ئىمانسىز كىشى.

كاج — ① گەپكە كىرمەيدىغان، مەسلىھەت ئاڭلىمايدىغان، جاھىل، تەتۈر؛ ② قىيسىق، ئېچىلسا يېپىلمايدىغان، يېپىلسا ئېچىلمايدىغان، راۋان ئەمەس.

كامالەتكە يەتمەك — ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتمەك، تولۇق يېتىشمەك، تەرەققىي قىلماق، تاكامۇللاشماق.

كان — ① پايدىلىق قېزىلمىلارنى ئېلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان يەر ئاستى ئىنشائاتلىرى؛ ② پايدىلىق قېزىلمىلار توپلانغان جاي؛ ③ بىرەر نەرسىگە ناھايىتى باي ياكى شۇ نەرسىنىڭ ماكانى بولغان جاي، يەر.

كرىستال ــــ ئاتوم، ئىئون ياكى مولېكۇلىلارنىڭ مۇئەييەن بوشلۇقتا تەرتىپلىك تىزىلىشىدىن ھاسىل بولغان قاتتىق ماددا. ئۇ تەرتىپلىك سىرتقى شەكىلگە ئىگە. مەسىلەن، ئاش تۇزى، كۋارتس، چىرىمتال ۋە زەمچە قاتارلىقلار.

كايىماق ــــ ① خاپا بولماق، ئاچچىقلانماق؛ ② ئاۋارە بولماق، مۇشەققەت تارتماق.

كوممۇنىست ــــ مۇلھىد كوممۇنىست پارتىيە ئەزاسى.

كونكرېت ــــ رېئال مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، ئېنىق، روشەن؛ ئەمەلىي، بەلگىلىك، ئابستراكت بولمىغان.

كۆچەت ــــ ① ئادەتتە ئۇرۇقنى تېرىش، ئۇلاش ياكى قەلەمچە قىلىپ تىكىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلۈۋاتقان دەرەخلەرنىڭ كىچىك تۈپى، ياش دەرەخ، جىرىم؛ ② پارنىك ياكى باشقا ئىسسىق جايدا يېتىشتۈرۈلگەن ھەمدە كۆچۈرۈپ تىكىشكە تەييارلانغان ياش ئۆسۈملۈك.

كۆزەتمەك ــــ تەكشۈرمەك، كۆز ـ قۇلاق بولماق، بايقاپ تۇرماق، كۆزدىن كەچۈرمەك، قارىماق.

كۆزلىرى چەكچەيمەك ــــ ئاچچىقى كەلمەك، خاپا بولماق، رەنجىمەك، كۆزنى يوغان ئاچماق.

كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ــــ ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە؛ بىردەمنىڭ ئىچىدىلا، ھەش ـ پەش دېگۈچە.

كۆزى قىيماسلىق ــــ رايى بارماسلىق، خالىماسلىق، كۆڭلى ئۇنىماسلىق.

كۆيۈنۈش ــــ كۆڭۈل بۆلمەك، غەمخورلۇق قىلماق، جان كۆيدۈرمەك.

## گ

گويا ـــ قىياس قىلىش، ئوخشىتىش، سىلىشتۇرۇش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

گۈپۈلدىمەك ـــ «گۈپ ـ گۈپ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «گۈپ ـ گۈپ» قىلماق.

گۈلتاج ـــ تاج قىلىپ قىسىۋېلىشقا ئەرزىگۈدەك گۈل.

گۈلدەستە ـــ تاللاپ، رەتلەپ، دەستىلەپ باغلانغان گۈل تۇپى.

گۈل چېڭى ـــ ئاتىلىقىنىڭ چاڭدىنىدىن چېچىلىپ چىقىدىغان توزان، رەڭگى كۆپىنچە سېرىق بولىدۇ. كۆك ياكى قارا رەڭلىكلىرىمۇ بار. ھەربىر گۈل چېڭىدا بىردىن نەسىللىنىش ھۈجەيرىسى بولىدۇ.

گىرەلەشمەك ـــ بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ، تۇتىشىپ كەتمەك؛ قۇچاقلاشماق.

## ل

لاياقەتلىك ـــ لاياقىتى بار، لاياقەتكە ئىگە.

لەگلەك ـــ بىر خىل ئويۇنچۇق. بامبۇك يىرىندىسى، چىغ بىلەن ياسالغان رامغا قەغەز ياكى شايىنى چاپلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئۈستىگە چىگىلگەن ئۇزۇن يىپنىڭ ئۇچىنى تۇتۇۋېلىپ، شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئاسمانغا قويۇپ بېرىپ ئۇچۇرۇپ ئويناشقا بولىدۇ.

لەنەتخور ـــ ① بىراۋنىڭ لەنىتىگە، قارغىشىغا دۇچار بولغان، لەنەتلەنگەن، بەتبەخت، ئەبلەخ؛ ② بېشىنى يەيدىغان، قارغىش تەگكۈر، ئۆلگۈر، شورى قۇرغۇر، قەبىھ، قاباھەتلىك، لەنەتگەردى.

لىچىنكا ـــ ھاشاراتلاردىكى تۆرەلمە تۇخۇم ئىچىدە يېتىلىپ

بولغاندىن كېيىن تۇخۇمنى يېرىپ چىققان كىچىك ئورگانىزىم. مەسىلەن، پاشا لىچىنكىسى، چۈشۈن قۇرتى، پارازىت قۇرت قاتارلىقلار.

## م

مامۇق ــــ ① غاز، ئۆردەك قاتارلىقلارنىڭ يۇمشاق، ئاق تۈكلىرى؛ ② پاختىدەك يۇمشاق ۋە ئاپئاق.

ماھارەت ــــ بىرەر ئىش، كەسىپ، پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا يېتىلگەن ئىقتىدار، ماھىرلىق.

مەرتىۋە ــــ I ① جەمئىيەتتە، كىشىلەر ئارىسىدا ئېرىشكەن ئابرۇي، ئېتىبار، نوپۇز؛ ئىناۋەت؛ ② مەنسەپ، ئەمەل.
II قېتىم، نۆۋەت، مەرتە.

مەزلۇم ــــ ① زۇلۇم ئاستىدا قالغان، خارلانغان، ئېزىلگەن؛ ② ئېرى بار ئايال.

مەسئۇلىيەت ــــ بىرەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئاقىۋىتى، نەتىجىسى ئۈچۈن بولغان جاۋابكارلىق.

مەسىلە ــــ ① ھەل قىلىنىشى لازىم بولغان ئىش، ھەرىكەت، ۋەزىپە؛ ② كۆڭۈلگە يېقىپ كەتمەيدىغان بىرەر ئىش، نۇقسان، چاتاق، ئېۋەن؛ ③ مەلۇم سانلار ۋە تېگىشلىك مۇناسىۋەتلەر ئاساسىدا نامەلۇم سانلارنى تېپىش ئۈچۈن ھېكايە شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ماتېماتىك ۋەزىپە.

مەغرۇرلۇق ــــ ئۆزىنى ئەركىن، ئۈستۈن تۇتىدىغان، روھىي كەيپىياتى ئۈستۈن، غۇرۇرى بار؛ كىبىرلىك، تەكەببۇر.

مەمنۇنلۇق ــــ رازى، خۇرسەن، مىننەتدار بولۇش ئىشى، ھالىتى.

مەۋجۇدات ـــ ئالەم، تەبىئەتتە بار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى، دۇنيادا مەۋجۇت نەرسىلەر، پۈتۈن، بارلىق.

مەۋسۇم ـــ ① يىلنىڭ مەلۇم پەسلى ياكى ۋاقتىدا بولىدىغان ياكى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان ئىش دەۋرى؛ ② كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى، چۈش ۋاقتىدىكى قۇياش نۇرىنىڭ تىك-يانتۇلۇقى قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئايرىپ چىقىلغان ۋاقىت بىرلىكى؛ ③ بىر يىلنىڭ تۆتتىن بىرى، يەنى پەسىل؛ ④ بىر ئوقۇش يىلىنىڭ يېرىمى؛ ⑤ دەۋر، مەزگىل، چاغ.

مۇجاھىد ـــ ① ئاللاھ تائالا يولىدا جىھاد قىلغۇچى ئەسكەر، جەڭچى؛ ② ئەر كىشىنىڭ ئىسمى.

مۇددەت ـــ ① ۋاقىتنىڭ ئېنىق بىر ئىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن بۆلىكى، قەرەل؛ ② بىر نەرسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش ياكى ئورۇندىلىش پەيتى، مەزگىلى.

مۇسىبەت ـــ يۈز بەرگەن قايغۇلۇق ھادىسە، كۆڭۈل يېرىملىق، كۈلپەت، قارىلىق، ھازا.

مۇكاپات ئالماق ـــ ياراتقان تۆھپە، كۆرسەتكەن خىزمىتى، نەتىجىسى ئۈچۈن ئىنئامغا ئېرىشمەك، مۇكاپاتلانماق.

مۇكەممەللىك ـــ مۇكەممەل بولغانلىق، مۇكەممەللەشكەنلىك.

مۆجىزات ـــ كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلمىغان، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ھادىسىلەر، ئىشلار، مۆجىزىلەر.

مۇشكۈل ـــ ھەل قىلىنىشى قىيىن، ئېغىر، مۇرەككەپ، تەس.

مېڭە ـــ ① ئادەم بەدىنىدىكى بارلىق سېزىم، ھەرىكەت، تەپەككۇر ۋە ئەستە قالدۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى باشقۇرىدىغان ئورگان. ئۇ نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي قىسمى بولۇپ، ئالدى مېڭە، ئوتتۇرا مېڭە ۋە ئارقا مېڭىدىن تەركىب تاپىدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ مېڭىسى بولسا، پەقەت پۈتۈن بەدەندىكى

سىزىم ۋە ھەرىكەتنى باشقۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ؛ ② شۇ ئورگان جايلاشقان ئورۇن، باشنىڭ قاق ئۇستى، باش، كاللا؛ ③ پىكىر، تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتى، ئەقىل، ئاڭ؛ ④ تىككۇچىلىك ماشىنىسىنىڭ ئىچىگە بوي ئوق كىرگۈزۈلۈپ، چوكا بىلەن چوك چوكىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرىدىغان دۇگىلەك سايمىنى.

مېھنەت — ① ئومۇمەن بەلگىلىك ئەقىل ياكى جىسمانىي كۈچ سەرپ قىلىنىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىش ـ ھەرىكەت، پائالىيەت؛ ئەمگەك؛ ② بىرەر مەقسەت، ئىش ئۇچۇن كۆرسىتىلگەن غەيرەت ـ شىجائەت، جاسارەت، تىرىشچانلىق، ئەجىر؛

مىخ بولۇپ قادالماق — مىخقا ئوخشاش قادالماق، توسالغۇ بولماق.

مىدىر ـ سىدىر قىلالماسلىق — پەقەتلا ھەرىكەت قىلماي جىمجىت تۇرماق، قىمىرلاپمۇ قويماسلىق.

مىزان — ① تارازا، جىڭ؛ ② شەمسىيە يىل ھېسابىدا 7 ـ ئاينىڭ ئەرەبچە نامى؛ ③ سۆز ھەرىكەت قاتارلىقلار ۋە ئۇلارنى باھالاشتا ئاساسلىنىدىغان پرىنسىپ ياكى ئۇلارنىڭ ئۆلچىمى، نورمىسى ياكى قېلىپى .

مىسكىن — ① يوقسۇزلۇق، غەم ـ ئەندىشە تۈپەيلىدىن روھىي ھالىتى چۈشكۈنلەشكەن، غەمكىن، سۇلغۇن؛ ② كەمبەغەللىك، يوقسۇزلۇقتىن ئېغىر ئەھۋالدا قالغان، بىچارە ئادەم.

مىننەتدارلىق — بىراۋنىڭ قىلغان ياخشىلىقى ۋە خىزمەتلىرىدىن رازى ۋە مەمنۇن.

## ن

نادانلىق ــــ ① ئىلىم-پەندىن خەۋىرى يوق، ئاڭ-چۈشەنچىسى نىسبەتەن تۆۋەن، قالاق، تەربىيىلىنىشى تولۇق بولمىغان ياكى تەربىيە كۆرمىگەن؛ ② زېھنىي ئىقتىدارى تۆۋەن، دۆت، گالۋاڭ، كاللىسى ئىشلىمەيدىغان؛ ③ نادان كىشىلەرگە خاس قىلىق-ھەرىكەت، ئەخمەقلىق.

ناشۈكۈر ــــ بارىغا شۈكۈر-قانائەت قىلمايدىغان، قانائەتسىز، ئاسان رازى بولمايدىغان.

نامازگاھ ــــ ناماز ئوقۇيدىغان جاي، ئورۇن.

نامايان قىلماق ــــ گەۋدىلەندۈرمەك، ئوچۇق كۆرسەتمەك، بىلدۈرمەك، ئىپادىلىمەك.

ناۋاي ــــ نان ياققۇچى ياكى نان يېقىپ سېتىش بىلەن تىرىكچىلىك قىلغۇچى كىشى.

نىمكەش ــــ بىر ئاز كېيىلگەن ياكى ئىشلىتىلگەن، پىتىدىن چۈشكەن.

## ھ

ھاقارەتلىك ــــ ھاقارەت تۈسىنى ئالغان، خورلاش، كەمسىتىش چىقىپ تۇرغان؛

ھاكاۋۇر ــــ باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان، دىمىغى ئۈستۈن؛ مەنمەنچى، تەكەببۇر.

ھەپىلەشمەك ــــ ① ۋاقتىنى بىرەر ئىش بىلەن ئۆتكۈزمەك؛ بىرەر ئىش بىلەن شۇغۇللانماق، مەشغۇل بولماق؛ ② ئېيتىشماق،

قىرىشماق.

ھەج — مۇسۇلمانلارنىڭ مەككە شەھىرىگە بېرىپ، زۇلھەججە ئېيىدا بەلگىلەنگەن قائىدىلەرگە ئەمەل قىلغان ھالدا كەئبىنى تاۋاپ ۋە زىيارەت قىلىشى؛ بۇ ئىسلام دىنىمىزنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ھەجىم — ① بىرەر جىسىمنىڭ بوي، ئەن ۋە ئېگىزلىك جەھەتتىكى چوڭ-كىچىكلىكى؛ بوشلۇقتا ئىگىلەپ تۇرغان ئورنى. ئادەتتە كۇب ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ؛ ② بىرەر ئىدىش ياكى بوشلۇقنىڭ قانچىلىك نەرسە سىغدۇرالايدىغانلىقى، سىغىمى، ئىچىنىڭ چوڭلۇق دەرىجىسى؛ ③ ئومۇمەن نەرسىنىڭ كۆپ-ئازلىق دەرىجىسى، مىقدارى.

ھەدىيە قىلماق — يادىكار سوۋغات قىلماق، سوۋغا قىلماق، نەرسە تەقدىم قىلماق.

ھەش-پەش دېگۈچە — ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، بىردەمدىلا.

ھەقلىق — ① بىرەر ئىش-ھەرىكەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، ھوقۇقلۇق، ھەققى بار؛ ② يوللۇق، ئورۇنلۇق، توغرا، مۇۋاپىق.

ھەيرانۇ-ھەس — قاتتىق ھەيران قېلىش، قاتتىق تەئەججۈپلىنىش.

ھۆرۈن — ئەمگەك قىلىشنى، ئىشلەشنى خالىمايدىغان، ئىش خۇش ياقمايدىغان؛ ئېرىنچەك.

ھۈنەرۋەن — بىرەر ھۈنەرنى ئىگىلىگەن ئۇستا؛ كاسىپ.

ھېرىسمەن — بىرەر ئىشقا ياكى بىرەر نەرسىگە ئادەتتىن تاشقىرى بېرىلىدىغان، قىزىقىدىغان، ئىنتىلىدىغان؛ مەستانە، ئامراق.

## ئو

ئوردا — تۈركىي خەلقلەر دۆلەتلىرىدىكى خان، شاھ-پادىشاھلارنىڭ تۇرىدىغان جايى، تۇرالغۇسى.

ئوۋچى — ئوۋ ئوۋلاشنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇنىڭغا ماھىر، دائىم ئوۋ ئوۋلاپ تۇرىدىغان كىشى.

## ئۇ

ئۇستۇرا — چاچ ساقالنى قىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۆتكۈر پولات تىغلىق ئەسۋاب.

ئۇستىلىق — ① بىرەر ھۈنەر-كەسىپنى پۇختا ئىگىلەپ بولغان ئىقتىدار، ماھىرلىق، ھۈنەرگە پىششىقلىق؛ ② ماھىرلىق، ماھارەت.

ئۇشتۇمتۇت — كۈتۈلمىگەندە، تۇساتتىن، تۇيۇقسىز، تاسادىپىي، بىردىنلا.

## ئۆ

ئۆچمەنلىك قىلماق — كۆڭلىدە يامانلىق، ئۆچلۈك قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولماق، ئۆچلۈكنى كۆڭلىگە پۈكمەك.

## ئۇ

ئۇشتۇپ قالماق ـــ دەسلەپكى قەدەمدە ئۇشتۇمەك، توڭلىماق، ئۇشتۇك چۈشمەك.

ئۈلگە ـــ ① كىشىلەر تەقلىد قىلىدىغان، دورايدىغان، ئۆگىنىشكە، نەمۇنە قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئادەم، ئىش، نەرسە ياكى ئۇسۇل؛ نەمۇنە، تىپ؛ ② بىر تۈردىكى نەرسىلەردىن ئېلىنغان نۇسخا، ئەۋرىشكە.

ئۈممەت ـــ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەگەشكەن ۋە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان كىشىلەر جامائەسى.

## ۋ

ۋاز كەچمەك ـــ ① ئىگىلىك ياكى پايدىلىنىش ھوقۇقىدىن كەچمەك؛ ② مەشغۇل بولۇۋاتقان ئىش ـ ھەرىكەتتىن، ئوي ـ خىيالدىن يالتايماق، يانماق؛ ③ يۈز ئۆرۈمەك، تانماق.

ۋەدە قىلماق ـــ بىرەر ئىشنى، بىرەر ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ھەققىدە قەتئىي سۆز قىلماق.

ۋەزىپە ـــ ① زىممىسىگە يۈكلەنگەن، ئۆتەشكە تېگىشلىك بولغان مەجبۇرىيەت؛ ② مەنسەپ، ئەمەل.

ۋىللىدە ـــ «ۋىل» قىلىپ، «ۋىل» قىلغان ھالدا.

## ئې

ئېتىقاد — ① بىرەر مەسىلەككە، ئىدېئولوگىيىگە، كۆز قاراشقا؛ بىرەر كىم ياكى بىرەر نەرسىگە بولغان ئىشەنچ، ئۇنىڭغا باغلانغان ئۈمىد؛ ② ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىشىنىش.

ئېرەنسىزلىك — ئېرەن قىلماي.

ئېرىنچەكلىك — ھۇرۇنلۇق، رايى بارماسلىق، ئىش خۇشياقماسلىق.

ئېزىلمەك — ① باشقىلارنىڭ ئېزىشىگە، قۇل قىلىشىغا ئۇچرىماق؛ ② باشقىلار تەرىپىدىن ئېزىلگەن، قۇل قىلىنغان.

## ئى

ئىبادەتكار — ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئورۇنداش يۈزىسىدىن قىلىنىدىغان دىنىي مەجبۇرىيەتنى يۈكسەك دەرىجىدە ئورۇندىغان شەخس.

ئىپتار قىلماق — روزا تۇتقان كىشىنىڭ شام كىرىشى بىلەن روزىنى ئېچىشى.

ئىپتىخارلىق — ① ئىپتىخارلانسا ئەرزىيدىغان، ئىپتىخارلانسا بولىدىغان، ئىپتىخار ئىپادىلەنگەن، پەخىرلىك؛ ② ئىپتىخارلىنىش، پەخىرلىنىش.

ئىجابەت قىلماق — قوبۇل ئەتمەك، ئېتىبارغا ئالماق، ئەمەلگە ئاشۇرماق.

ئىززەت-ئىكرام — ئالىي ھۆرمەت ۋە ئىززەت.

ئىقبال — كېلەچەك؛ بەخت، تەلەي، ئامەت؛ تەقدىر؛

ئىككىلىنىپ قېلىش ــــ ئىككى خىيال بولماق، قەتئىي بىر پىكىرگە كېلەلمەي ئارىسالدى بولماق، تەۋرەنمەك.

ئىڭرىماق ــــ ئىڭرىغان ئاۋاز چىقارماق، قىينالغان ھالدا ئىنچىكە ۋارقىرىماق، نالە قىلماق.

ئىلھام ــــ ① كۆتۈرەڭگۈ ئىجادىي روھ، ئىجادىي غەيرەت ۋە زوق جۇش ئۇرغان ھالەت؛ ② ئىجادىي پائالىيەت جەريانىدا ئاپتور ئىدىيىسىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلىشىشى، كەيپىياتىنىڭ يۇقىرى ئۆرلىشى ۋە مۇناسىۋەتلىك شەيئى، ھادىسىلەرنىڭ قوزغىتىشى بىلەن پەيدا بولغان ئىجادىي قابىلىيەت؛ ③ مەدەت، رىغبەت؛ زوق؛ ④ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

ئىمام ــــ ① نامازدا جامائەتنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ نامازنى باشقۇرغۇچى، ئۇلارنى ئۆزىگە ئىقتىدا قىلدۇرغۇچى دىنىي شەخس؛ ② ئىسلام دىنىنىڭ ھەرقايسى مەزھەپلىرىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ شۇ مەزھىپىگە ئاساس سالغۇچىنىڭ ھۆرمەت نامى؛ ③ ئىسلام دىنىدىكى مەشھۇر ئۆلىما ـ ئالىملارنىڭ ھۆرمەت نامى؛④ ئىسلام پېشۋالىرىنىڭ ئۇنۋانى؛ ⑤ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

ئىنكار قىلماق ــــ رەت قىلماق، يوققا چىقارماق.

## ي

يادرولۇق ــــ ئالاقىدار شەيئىلەر ئىچىدە ئەڭ مۇھىم دەپ قارالغان، ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان، ئاساسلىق، نېگىزلىك، مېغىزلىق، تۈپ.

ياماق ــــ ① بىرەر نەرسىنىڭ يىرتىلغان، تېشىلگەن ياكى ئۈزۈلگەن جايىنى ياماش، پۈتۈنلەش ئۈچۈن تەييارلانغان بۇيۇم، لاتا؛ ② ياماشقا تېگىشلىك بولغان، يامىمىسا بولمايدىغان جاي؛

③ ياماق سېلىنغان، يامالغان، تىكىلگەن.

يەم — ① ئات-ئۇلاغلار ئۈچۈن تەييارلانغان ئوزۇقلۇق: بوغۇز؛

② ئۇچار قاناتلارغا بېرىلىدىغان ئوزۇق: دان.

يوقسۇل — كەمبەغەل، نامرات، يوقسۇز.

يىرتىق — يىرتىلغان: يىرتىلىپ كاردىن چىققان، بۇزۇلغان.


ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئەدەبىيات دەرسلىك
ئەدەبىيات
2- قىسىم
(بىر مەۋسۇملۇق ئوقۇشلۇق)
ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى